مۇھەممەد يۇسۇپ

# ئىلاھىي قۇرغان

## دۇئانىڭ خاسىيىتى ۋە تاللانغان زىكىر- دۇئالار

تۈتىنچى قېتىملىق نەشرى

بۇ ئەسەرنى ئارمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغان مەرھۇم ئاكام ئۇبۇلقاسىم ئاخۇننىڭ مۇبارەك روھىغا بېغىشلايمەن.

— ئاپتور

تەھرىرلىگۈچى:

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ

﴿ادْعُونِي أَسْتَجِبْ لَكُمْ﴾

(سورة الغافر الآية 60)

﴿ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن﴾

(غافىر سۈرىسى 60- ئايەت)

{الدُّعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ}

(حديث شريف)

«دۇئا-ئىبادەتتۇر»

(ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى)

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان
ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارچە مەدھىيە ۋە سەممىي
ماختاشلار ئالەملەرنىڭ رەببى ۋە
مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى جانابى ئاللاھ
تائالاغا خاستۇر. ئاللاھ تائالاغا چىن

قەلبمىدىن مەدھىيە ئوقۇيمەن. ھەق
دىنىي ئىنسانىيەتكە يەتكۈزۈش
ئارقىلىق ئۇلارنى كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ
ئازغۇنلۇقلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىمان
ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا يېتەكلىگەن
سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد،
دۇئا ۋە سالام يوللايمەن، ئۇنىڭ
ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە
ۋە ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ

كەلگەن ۋە تاقىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىنلەرگە ئەڭ ئالىي سالام يوللايمەن ۋە مەڭگۈ ئامانلىق تىلەيمەن.

تۇرمۇشىمىزدا دۇئانىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ ۋە ئەھمىيىتى زوردۇر. دۇئا مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئۆتكۈر قورالى ۋە تۈرلۈك خەتەرلەردىن ساقلىنىدىغان قالقىنىدۇر. تىرىكچىلىكنىڭ مەشغۇلاتلىرى كۆپىنچە بىزنىڭ

غەپلەتتە قېلىشىمىزغا ـ ئاللاھ تائالاغا بولغان بەندىچىلىك ۋەزىپىمىزنى ئۇنتۇشىمىزغا، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدىن چەتنەپ قېلىشىمىزغا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەمىشە بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇشىمىزغا ـ سەۋەب بولىدۇ. دۇئا بىزگە ھەردەم ئاللاھ تائالانى يادلاندۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ دىنىدا مەھكەم بولۇشىمىز ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلايدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ئۆز دىنىغا مەھكەم بولۇپ، ھەمىشە ئاللاھ بىلەن بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق ئىشلىرى ياخشىلىقتا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە قاراپ يول ئالىدۇ.

ئىسلام دىنىدا ئىماندىن قالسا ئەڭ كاتتا ۋە ئۇلۇغ ئىبادەت ناماز بولۇپ، نامازمۇ مەخسۇس كەيپىياتلار ئارقىلىق قىلىنىدىغان دۇئادۇر. چۈنكى ئەرەب

تىلدىكى «الصلاة» يەنى (ناماز) سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن «دۇئا» دېگەن مەننى بىلدۈرىدۇ. ناماز ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيهسسالامغا: «مېنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن»[1] دەپ ۋەهيى قىلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ دۇئاغا

---

(1) تاھا سۈرىسى 14- ئايەت

بولغان ئېھتىياجى ناھايىتى زوردۇر. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى ئاجىزلاشقان، ئەخلاقى بۇزۇلغان، دۇنيالىق مەنپەئەتلەر دىيانەتكە ئۈستۈن قىلىنىۋاتقان مۇشۇ دەۋردە ئىسلام ئۈممىتى دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشكە، ئىماننى كۈچەيتىشكە، ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىشقا تولىمۇ مۇھتاجدۇر. خۇددى ئاللاھ تائالا

قۇرئان كەرىمدە ئېيتقانىدەك: «هەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ هالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ»[1].

مۇسۇلمانلار ئۇزۇن يىللىق تارىخى جەريانىدا ئۆز دىنىدىن يىراقلىشىپ تۈرلۈك يوللارنى تەجرىبە قىلىپ كۆردى. بۇ يوللاردىن خورلۇقتىن

---

(1) رەئد سۈرىسى 11- ئايەت

باشقىسنى كۆرمىدى. بىز دىنىمىزنىڭ
ئەسلىگە قايتىش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنى
ئىسلاھ قىلىپ ئىككى ئالەملىك
سائادەتلەرگە ئېرىشەلەيمىز.
مۇسۇلمان كىشى سەھەر ئۇيقۇدىن
كۆزىنى ئاچقىنىدىن باشلاپ تاكى
ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتاق
جايىغا بارغىچىلىك بولغان تاھارەت
ئېلىش، ئۆيىدىن چىقىش ۋە كىرىش،
مەسجىدكە بېرىش ۋە قايتىش،

غەزالنىش، ئىشقا بېرىش، قايتىش،
قاتناش قۇراللىرىغا چىقىش قاتارلىق
پۈتۈن ئىش- ھەرىكەتلىرىدە دۇئانى
ئۆزىگە ھەمرا قىلىشقا بۇيرۇلغان.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
مۇسۇلمانلارغا تۈرلۈك جايلار ۋە
مۇناسىۋەتلەردە ئوقۇلىدىغان
كىرەكلىك دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى
ئۆگىتىپ قالدۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى
ئەسىرلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلام

دىنىنىڭ روھىدىن چەتنەپ تۇرلۇك خۇراپاتلارنى دىنىي قىياپەتتە قوبۇل قىلغانلىقى سەۋەبلىك خۇراپات ۋە بىدئەتلەر كۆندىلىك دۇئالىرىمىزغىمۇ يامراپ كىرگەن. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتكەنلىرىگە يات كېلىدىغان دۇئا سىستېمىلىرىنى قوبۇل قىلغان.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! قولىڭىزدىكى

بۇ ئەسەر پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كۆندىلىك تۇرمۇشىدا داۋاملىق ئوقۇغان ۋە ساھابەلىرىگە ئۆگەتكەن دۇئالارنىڭ توپلىمى بولۇپ، سەھىھ (ئەڭ ئىشەنچلىك)ھەدىسلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا توپلاپ چىقتىم. بۇلارنى توپلاپ چىقىشتا تۆۋەندىكى ئىككى مەخسەتنى كۆزدە تۇتتۇم:

1. مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا ئىسلام

دىنىنىڭ روھىغا ۋە پەيغەمبەرىمىزنىڭ يولىغا ئۇيغۇن بىر دۇئا كىتابى بولسۇنكى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان خەلقىمىز تۈرلۈك خۇراپى ۋە بىدئەت دۇئالارنى چۆرۈپ تاشلاپ توغرىسىغا ئەگەشسۇن ئۈچۈن.

2. بۇ ئاددى تۇپلام مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ قولىدا سەھەر-ئاخشاملىرى ھەمراھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ دۇنيا- ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا

مەنپەئەتلىك بولسۇن ئۈچۈن ئىدى.
بۇ كىتاب 2004- 2005- ۋە 2010- يىللىرى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان نۇسخىلىرىغا ئاساسلىنىپ تەييارلاندى.
جانابى ئاللاھ تائالادىن بۇ ئىشىمىنى خالىس قىلىنغان ياخشى ئەمەللەر قاتارىدا قوبۇل قىلىنىشىنى تىلەيمەن.

— مۇھەممەد يۈسۈپ

هجرىيه 1433- يىل، 10- جامادى ئاخىر.
مىلادىيه 2012- يىل 2- ئاپرىل.

مۇندەرىجە

بىرىنچى بۆلۈم: دۇئانىڭ خاسىيتى

دۇئانىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى.........49
دۇئانىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى53
دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسى ..59
دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى
69..........................................
دۇئا ئىجابەت بولماسلىقنىڭ
سەۋەبلىرى ...........................90
دۇئانى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

103........................................
دۇئانىڭ ئەدەبلىرى..............110
دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئەۋزەل ۋاقىتلار..................147
دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋە ئۇلۇغ جايلار.................215
ئىجابەت قىلىنغان دۇئالاردىن ئۈرنەكلەر..........................226
دۇئا سەۋەبتىن بىھاجەت قىلالامدۇ؟
267........................................

دۇئا تەقدىرنى بىكار قىلىشقا سەۋەبچىدۇر؟...................275
دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە موھتاجمۇ؟ .......................287

## ئىككىنچى بۆلۈم: قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى

قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى ....300
قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى ..319
قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى...326
فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ...332

بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ...334
ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى.....338
ياسىن سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ...340
كەھف سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى....341
فەتھى سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ...343
مۇلك سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى ....344
ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى .345
فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ
پەزىلىتى ..........................347
ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

توغرىسىدا............350
ئىسمۇلئەزەمنىڭ بايانى........352

## ئۈچىنچى بۆلۈم: زىكىرنىڭ خاسىيىتى

زىكىر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ........366
زىكىرنىڭ پەزىلىتى..............386
زىكىرنىڭ ئەدەبلىرى............391
زىكىرنى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى
395...................................
بەزى ئىستىلاھلارنىڭ

تونۇشتۇرۇلشى ......... 402
ئاللاھ تائالا غا تەسبىھ، تەكبىر ۋە ھەمدۇ سانا ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ........................................ 408
تۆتىنچى بۆلۈم: ئىستىغفار ۋە تەۋبىنىڭ ئەھمىيتى417
تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى........................ 425
ئىستىغفار رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىنىڭ ئامىلدۇر........................ 432

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد
ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى ............435
ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟....440
بەشىنچى بۆلۈم: قۇرئاندىن
تاللانغان دۇئالار
ئادەم ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى
445........................................
نۇھ ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى
446........................................
ئىبراھىم ئەلەيھسسالامنىڭ

دۇئالىرى..........................447
مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى
..........................454
ئەسھابۇلكەھفنىڭ دۇئاسى.....456
ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى
..........................457
سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ
دۇئاسى..........................458
يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ......459
زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ

دۇئاسى..........................461
پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دۇئاسى
461..........................
مۇھەممەد ئەلەيهسسالامنىڭ
دۇئالىرى...........................464
ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرى.........467
ئۆلىمدە توشقانلارنىڭ دۇئاسى 470
تەقۋادارلارنىڭ دۇئالىرى ........473
سەبىرلىك مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى
476..........................

ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى 477.................................

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ دۇئاسى...........479

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى 480.................................

پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى.........481

ئۆمۇمىي مۆمىنلەرنىڭ دۇئالىرى 484.................................

## ئالتىنچى بۆلۈم: ھەدىسلەردىن

تاللانغان دۇئالار
ھەدىسلەردىن تاللانغان ئومۇمىي دۇئالار ......................... 499
ھەدىسلەردىن تاللانغان جايلار ۋە چاغلارغا خاس دۇئالار .......... 535
ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ............................. 536
كىيىنگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا .540
يېڭى كىيىم كىيگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ................................ 541

ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................543
ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............544
تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن ئېيتىلىدىغان زىكىر ..............545
تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..........................545
ئۆيدىن چىقىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..........................548

ئۆيگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا
549.............................
مەسجىدكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ..........................550
مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان
دۇئا ..........................552
مەسجىدتىن چىقىشتا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ..........................554
ئەزان دۇئاسى ..................556
ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

557.................................
نامازغا باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..............560
رۇكۇدا قىلىنىدىغان دۇئالار .....568
رۇكۇدىن تۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا 572.................................
سەجدىدە ئېيتىلىدىغان دۇئا ..575
ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............579
تىلاۋەت سەجدىسىدە ئوقۇلىدىغان

دۇئا ............................581
تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان دۇئالار
584.......................................
تەشەھھۇدتىن كېيىن ۋە سالام
بېرىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان
دۇئالار ...........................590
نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان
دۇئالار ...........................595
ئىستىخارە نامىزى.................613
ھاجەت نامىزىنىڭ دۇئاسى.....622

تەھەججۇد ئوقۇغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................... 627
ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار................ 631
ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ............................... 660
توي تەبرىكلەشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................ 683
خوتۇن ياكى خىزمەتچى ياكى ئۇلاغ ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا ...... 684

ئەر- ئايال يېقىنچىلىقىدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا ................686
ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ................687
چۈشكەن ئۇيدىكى جانئۋارلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ................688
قورقۇنچلۇق ياكى يامان چۈش كۆرگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟ ........................................689

قۇنۇت دۇئاسى ........................691
ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................................696
يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..........................................697
يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................698
چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..................699
قاتتىق شامال چىقىپ كەتكەندە

ئوقۇلىدىغان دۇئا ................700
يېڭى توغقان ئاينى كۆرگەندە
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................702
مېۋىنىڭ دەسلەپىنى كۆرگەندە
ئوقۇلىدىغان دۇئا ................703
ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ................................704
بىرەر مۇسۇلماننىڭ كۈلگەنلىكىنى
كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ...705
بىراۋ «سىزنى ئالالاھ ئۆچۈن ياخشى

كۆرمەن» دىگەندە دىيىلىدىغان دۇئا .................................706
تىنچ قوپۇپ سىزمۇ؟ دىيىلگەندە دىيىلىدىغان دۇئا................707
چۆشكۆرگەندە دىيىلىدىغان دۇئا ..........................................708
بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولغان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟.........709
بىرەر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

قىينچىلىقتا يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................711
غەم- قايغۇ باسقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................712
دۈشمەنگە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................714
خەۋپ ياكى تەھدىدكە ئۇچرىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ................718
دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا ........................................719

720..........................................
ئىماندا شەك پەيدا بولۇپ قالغان
كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟.722
قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە
ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............724
غەزەبنى قانداق يېڭىش كېرەك؟
725..........................................
قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............727
كىچىك باللارغا ئوقۇلىدىغان دۇئا

730..............................
تائامدىن ئاۋۋال ئېيتىلىدىغان
زىكىر..............................731
تائامدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا
734..............................
ئېپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا
737..............................
ئېپتارغا چاقىرىلغان ئۆيدە
ئوقۇلىدىغان دۇئا ..............739
مەجلىستىن كېيىن ئوقۇلىدىغان

دۇئا ............740
سالام بېرىش..................741
غەيرى دىنىدىكىلەرنىڭ سالىمىنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك؟......745
ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۈچۈن قىلىنىدىغان دۇئا ..............746
قاتناش قوراللىرىغا چىققاندا ئوقۇلىدىغا دۇئا ..............746
سەپەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..............................750

سەپەردىن قايتىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا 752..............................
بازارغا كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا 753.....................................
يولۇچىنىڭ ئۇزاتقۇچىلارغا قىلىدىغان دۇئاسى..............755
يولۇچىنى ئۇزاتقۇچىلارنىڭ قىلىدىغان دۇئاسى..............756
مېھماننىڭ ساھىبخان ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئاسى............757

كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلتى....758
كېسەل يوقلىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا 760.......................................
ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بىمارنىڭ دۇئاسى.............761
مېيىتقا تەلقىن قىلىش ............763
مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان ۋاقىتتا ئېيتىلىدىغان دۇئا...............764
مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا 766.......................................

تەزيىەدە ئوقۇلدىغان دۇئا ....770
مېيتنى قەبرىگە ئېلىپ كىرگەندە
ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............772
مېيتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن
كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........773
قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............774
مۇسىبەتتە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..776
يەتتىنچى بۆلۈم: ھەج مەۋسۇمىدە
ئوقۇلىدىغان دۇئالار777

ھەج ياكى ئۆمرگە ئىھرام
باغلىغاندا ئوقۇلىدىغان تەلبىيە779
مەككە ۋە مەسجىدى ھەرەمنى
كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ...780
كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا ئوقۇلىدىغان
دۇئا ..........................782
رۇكنى يەمانى بىلەن
ھەجەرۇلئەسۋەد ئارىلىقىدا
ئوقۇلىدىغان دۇئا ...............784
سافا- مەرۋىدە توختىغاندا

ئوقۇلدىغان دۇئا................785
ئەرەفاتتا ئوقۇلدىغان دۇئا....788
شەيتانغا تاش ئېتىشتا ئوقۇلدىغان تەكبىر............................792
مـال بوغۇزلىغانـدا ئېيتىلـدىغان تەكبىر..............................793
قۇرئـــان ۋە ھەدىـــسلەردىكى دۇئالارنىلا قىلىش شەرتمۇ؟ ....794


سەككىزىنچى بۆلۈم: كۆزدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش

ئۇسۇلى805
توققۇزىنچى بۆلۈم: سېھىردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۇسۇلى827
پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار ......841
خاتىمە .............................934

## بىرىنچى بۆلۈم: دۇئانىڭ خاسىيىتى

### دۇئانىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

ئەرەب تىلىدىكى «دۇئا» سۆزى لۇغەت ئېتىبارى بىلەن چاقىرىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما دۇئا سۆزىنىڭ شەرىئەت ئىستىلاھىدىكى مەنىسى، ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھ تائالاغا

يالغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سوراش دېمەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن»(1) دېگەن سۆزى بۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇرئان كەرىمدىمۇ دۇئا سۆزى مۇشۇ مەنىدە بىر قانچە ئايەتلەردە

(1) غافىر سۈرىسى 60- ئايەت.

تەكرارلىنىپ كەلگەن، مەسىلەن: «سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن- ئاخشامدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن»[1]، «(ئۇلار كېچىسى ئاز ئۇخلاپ ئىبادەت قىلغانلىقتىن)

---

(1) كەھف سۈرىسى 28- ئايەت.

ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن- كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ»[1].

---

(1) سەجدە سۈرىسى 16- ئايەت.

# دۇئانىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى

دۇئا خالىس ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: {الدُّعَاءُ هُوَ الْعِبَادَةُ}يەنى «دۇئا ـ ئىبادەتتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

مەلۇمكى، ئىبادەتلەر ئاللاھ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

تائالانى ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا
بولغان ھاجەتمەنلىكنى ئىزھار
قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇلغان بولۇپ، بۇ
مەقسەت دۇئادا ئەڭ ئوبرازلىق
ھالدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. چۈنكى
ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا
قىلغان ئادەم ئۇنىڭ ياردىمىگە
بولغان زور ئېھتىياجىنى ھېس
قىلغان ھالدا، تولۇق ئىخلاسى
بىلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن

ھاجەتلىرىنى سورايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. مانا بۇ، ئەڭ كۆرۈنەرلىك خالىس ئىبادەت. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە دۇئانىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ۋە بەندىلىرىنى ئۇنىڭغا دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان ھالدا: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى

ئىجابەت قىلىمەن. مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە، بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭغا دۇئا قىلىپ ھاجەتلىرىنى سوراشقا بۇيرۇش بىلەن بىرگە، ئاللاھ تائالاغا دۇئا

---

(1) غافىر سۈرىسى 60- ئايەت.

قەلبـپ ئۆزلىرىنىڭ ھـاجەتلىرىنى سوراش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھ تائالاغا مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلمايدىغانلارنىڭ ئـاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلـىشتىن بـاش تـارتقۇچى گۇناھكـارلاردىن سـانىلىپ دوزاخقـا لايىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام بىـر ھەدىسىدە: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى

سورمايدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىس شەرىپتىن مەلۇمكى، دۇئانى خالىساق قىلىپ، خالىساق ئۇنىڭدىن بىھاجەت بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

تائالا بۇيرىغان ئىبادەتتۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئىدى، يۇقىرىقى ئايەت بىلەن ھەدىستە، دۇئانى تەرك ئەتكۈچىلەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقۇچىلار ۋە ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلار دەپ سۈپەتلەنمىگەن بولاتتى.

دۇئانىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر

ھەدىستە: «ئاللاھ تائالاغا دۇئادىن يېقىملىق بىر نەرسە يوق»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «دۇئادىن باشقىسى بالايىقازالارنى قايتۇرالمايدۇ، ياخشىلىقتىن باشقىسى ئۆمۈرنى

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇزارتالمايـــــــــدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

دۇئـا شــۇنداق پەزىلەتلــك ۋە پايدىلىق بىر ئىبادەتكى، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ تائالادىن ھاجەتلىرىنى سـوراش يۈزىـسىدىن ئۇنىڭغا دۇئـا قىلغىنـىدا ئـۈچ تەرەپـتىن پايـدىغا ئېرىـشىدۇ: بىرىنچىـدىن، ئـاللاھ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

تائالاغا دۇئا قىلىپ ئۇنى سۆيۈندۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىدۇ، ئىككىنچىدىن، دۇئا ئىبادەت بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، ئۈچىنچىدىن، سورىغان ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ناۋادا سورىغانلىرى ئىجابەت بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم كۆرىدۇ. ئاللاھ

تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ماشا دۇئا قىلغۇچىلار، مەن دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن» دېدى. ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر، ئۇ دۇئا قىلغۇچىنى قۇرۇق قايتۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ھەممىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ناھايىتى سېخىي زاتتۇر، ئۇ ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى

سوراپ قولنى كۆتۆرگەن بەندىسنى قۇرۇق قول قايتۇرۇشنى ئۆزى ئۇچۇن راۋا كۆرمەيدۇ»[1].

ئادەتتە، دىنىي ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەر قاتارىدا، دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا مىسال قىلىپ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

كۆرسىتىدۇ. چۈنكى دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقى ۋە بولىدىغانلىقى كۆندىلىك تۇرمۇشتا رېئاللىققا ئايلانغان بىرھەقىقەتتۇر. بەزىلەر: «بىز دۇئا قىلىۋاتىمىز، ئۇنىڭ ئىجابەت بولغىنىنى كۆرمەيۋاتىمىز» دېيىشى مۇمكىن. ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ دەيمىزكى، بىرىنچىدىن، دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلىرى بار.

دۇئالار شۇ شەرتلەر تولۇق بولغاندىلا ئىجابەت بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئىنتايىن ئامراق ۋە شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. گاھىدا كىشىنىڭ ئاللاھ تائالادىن سورىغان نەرسىسى شۇ كىشىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن زىيانلىق بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسانلار ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پايدا- زىيىنىنى بىلمىگەن بىلەن،

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەزەلىي ۋە چەكسىز ئىلمى بىلەن ئۇلارنى ئۇبدان بىلىدۇ. شۇڭا بەزى دۇئالار دەرھال ئىجابەت بولسا، بەزىلىرى كېچىكىپ ئىجابەت بولىدۇ. بەزىلىرى بولسا ئىجابەت بولماستىن، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كىشىنىڭ سورىغىنىدىن ياخشىراقى بېرىلىدۇ. ھەتتا بەزى دۇئالار شەرتلىرى تولۇق بولغان بولسىمۇ ۋاقتىدا ئىجابەت

بولماي، سورىغۇچىنىڭ مەنپەئەتى ئۆچۈن ئەڭ ياخشى، مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئىجابەت بولىدۇ. ھەر ھالدا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ كۆتۈرۈلگەن قوللار قۇرۇق قايتۇرۇلمايدۇ.
پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ بارغان كۈنىدىن بىرى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئانا

يۇرتى مەككىنىڭ فەتھى بولۇشىنى سورىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دۇئاسى دەرھال ئىجابەت بولماستىن، ئىسلام دىنى كۆچەيگەن ۋە مۇسۇلمانلار قۇدرەت تاپقان مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا يەنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلغىنىدىن 8 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىجابەت بولۇپ، مەككە فەتھى بولغان.

دۇئا ئىجابەت بولۇشىنىڭ

## شەرتلىرى

ئىسلام دىنىدا بۇيرۇلغان ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مەخسۇس شەرتلىرى بولغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۈچۈنمۇ مەخسۇس شەرتلەر باردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دۇئانى ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىخلاس بىلەن قىلىش. ھەر

قانداق بىر ئەمەل- ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن ئىخلاس شەرت قىلىنغىنىدەك، دۇئانىڭ ئىجابەت بولىشى ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىخلاس شەرت قىلىنىدۇ. ئىخلاس قەلب قىتىدىن كەلگەن سەممىي سۆيگۈ بىلەن كۆرستىلگەن چىن ساداقەت دىمەكتۇر. ئاللاھ تائالاغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭغا شۇنداق سۆيگۈ ۋە

ساداقەت بىلەن يۈزلىنىش تەلەب قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز، زاكات، روزا، ھەج، دۇئا ۋە باشقىمۇ بارلىق ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن ئىخلاسنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا يالغۇز

ئـاللاھقلا ئىبـادەت قىلـشقا بۇيرۇلدى»[1].

2. دۇئـا قىلغۇچىنىـڭ يـېمەك-ئىچمىكـى ۋە كـيىم- كېچەكـى ھالالـدىن بولۇشـى. پەيغەمـبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ماۋزۇدا مۇنداق دېگەن: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا پاكتۇر، ئۇ پەقەت پاك

---

(1) بەيىينە سۈرىسى 5- ئايەت.

بولغانىلا قوبۇل قىلىدۇ»[1]. بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبى پاك، يىبمەك- ئىچمەكلىرى ھالالدىن بولۇپ، پاك بولغانلارنىڭلا قىلغان ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. شۇڭىمۇ ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى پاكلىقتا بۇيرۇپ

(1) ئىمام مۇسلىمرىۋايىتى.

مۇنداق دېگەن: «ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى بىلىپ تۇرغۇچىمەن»[1].

ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگىمۇ پەيغەمبەرلەرگە بۇيرىغاننى بۇيرۇپ

---

(1) مۇئمىنۇن سۈرىسى51- ئايەت.

مۇنداق دەيدۇ: «ئالللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار»[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۇزۇن سەپەرنى باشلاپ چاڭ-توزان قاپلىغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئى

---

(1) مائىدە سۈرىسى 88- ئايەت

ئىگەم!› دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگەن- ئىچكەنلىرى ھارامدىن، كىيگەنلىرى ھارامدىن بولۇپ، ئۇ ھارامدىن ئوزۇقلانغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولسۇن!؟»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، بىراۋ ئەڭ بىچارە قىياپەتتە ئاللاھ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تائالاغا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلغان ۋە ئۇ
شۇ ھالىتى بىلەن دۇئاسى ئىجابەت
بولۇشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغان
تۇرسىمۇ، ئۇ ھارامدىن
ئوزۇقلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ
دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ.
ساھابىلار يېمەك- ئىچمەكلىرىنىڭ
ھالالدىن بولۇشىغا بەكمۇ ئەھمىيەت
بېرەتتى، ئۇلار ھالاللىقى ياكى
ھاراملىقىدا ئازراق شۈبھە بولغان

نەرسىلەردىنمۇ خۇددى ئۇتتىن قاچقاندەك قاچاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇنىڭ بىر كىشى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان يېمەكنى يەپ سېلىپ، ئۇنىڭ ھالاللىقىدا شۇبھە بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، قولىنى ئاغزىغا تىقىپ تۇرۇپ ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنى ياندۇرىۋەتكەنلىك قىسسىسىمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ساھابىلىرىنىڭ

ھارام يېيىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈدىغانلىقنى ئىپادىلەشكە يېتەرلىكتۇر.

3. دۇئانى ئاللاھتىن ئۆمىدۋارلىق بىلەن قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ‹دۇئا قىلسام دۇئايىم ئىجابەت بولمىدى›، دەپ ئۆمىدسىزلىنىپلا قالمىساڭلار دۇئايىڭلار چوقۇم ئىجابەت

بولىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى: «كىشى گۇناھ ئىشلەشكە ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈشكە دۇئا قىلمىسا ۋە دۇئاسىنىڭ تېز ئىجابەت بولۇشىغا ئالدىراپلا قالمىسا، ئۇنىڭ ھەر قانداق دۇئاسى ئىجابەت بولىدۇ»

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دېگەندە، ساھابىلەر: يارەسۇلەللاھ! ئالدىرىغانلىق دېگەن نېمە؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا جاۋاپ بېرىپ: ئالدىرىغانلىق دېگەن «شۇنچە كۆپ دۇئا قىلساممۇ، دۇئايىم ھېچ ئىجابەت بولمىدى» دەپ دۇئادىن زېرىكىپ ئۇنى تەرك ئېتىشتۇر»[1]

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دەيدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى رىئاللىققا ئايلانغان بىر ھەقىقەت بولغىنىدەك، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرىگە بولغان چەكسىز مېھىر- شەپقىتى يۈزىسىدىن كىشىلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشتا ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتىدىغانلىقى، بۇ سەۋەبتىن

بەزلەرنىڭ دۇئاسىنى تېز، بەزلەرنىڭكىنى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن مۇناسىپ بىر ۋاقىتتا ئىجابەت قىلىدىغانلىقى ۋە بەزلەرنىڭكىنى ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ساقلاپ قاتارىدا ساۋاب قويىدىغانلىقىمۇ بىر ھەقىقەتتۇر. تەجرىبىلەرمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئىسپاتلىماقتا.

4. دۇئانى يۈرەكتىن قىلىش يەنى

تىل دۇئا بىلەن، دىل باشقا نەرسىلەر بىلەن مەشغۇل بولماستىن، تىلنى دىلدىكىلەرنىڭ تەرجىمانى قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدنى ۋە كامالىي ئىخلاسنى ئاللاھقا بېغىشلىغان ھالدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغان دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەر

ئاللاھقا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئۇنىڭ ئىجابەت بولىشىغا چىن ئىشەنگەن ھالدا قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ تائالا غەپلەتتىكى پەرۋاسىز كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ»[1].

5. دۇئانى ئۇنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا چىن ئىشەنچ بىلەن

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام
بۇھەقتە مۇنداق دېگەن:
«سلەرنىڭ بىرىڭلار دۇئا قىلغىنىدا
‹ئى ئاللاھ! ئەگەر خالىساڭ مېنى
مەغپىرەت قىلغىن، ئەگەر خالىساڭ
ماڭا رەھىم قىلغىن› دېمىسۇن.
بەلكى سورىغانلىرىدا قەتئىي
بولسۇن، تىلىكىنىڭ قوبۇل بولىشىغا

ئىشەنچ قىلسۇن. چۈنكى ئاللاھقا ھېچنەرسە ئېغىر كەلمەيدۇ»[1].

6. ئۇرۇق- تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش ياكى گۇناھ- مەسىيەت ئىشلەش ئۈچۈن دۇئا قىلماسلىق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دۇئاسىدا گۇناھ ئىشلەش ياكى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سله- رەھمنى ئۈزۈش بولمسلا،
ئالالاھ تائالا ئۇنڭغا تۆۋەندكى
ئۈچ ياخشلقنڭ بىرنى بېردۇ: يا
ئۇنىڭ دۇئاسنى تېز ئجابەت
قلىپ تىلگىننى بېردۇ ياكى ئۇنى
ئۇنىڭ ئاخرەتلكى ئۈچۈن
ياخشلىق قاتاردا ساقلاپ قويدۇ
ياكى ئۇنىڭ دۇئاسنىڭ ئورنىدا
يامانلقنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۋېتدۇ.
ساھابىلەر: «ئۇنداقتا بىز دۇئانى

كۆپ قىلايلى، دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھنىڭ بېرىدىغىنى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر» دېگەن»[1].

## دۇئا ئىجابەت بولماسلىقنىڭ سەۋەبلىرى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئىجابەت بولۇش شەرتلىرى تولۇق

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

بولمىغان دۆلەتلەر ئەجەبا بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىسلامنىڭ ئەمر- مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت (كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش) پەرزىنى تەرك قىلىشمۇ دۆلەتنىڭ ئەجەبا بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى ئەمر- مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت قىلىش ھەر قانداق مۇسۇلمان كىشىگە بۇيرۇلغان

پەرزدۇر. ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە
ۋە ئېتقىـــدارىنىڭ، شـــەرت-
شارائىتىنىڭ يېتىـشىچە ئەمـر-
مەرۇپ، ۋەز- نەسـىھەت قىلـشقا
بۇيرۇلغـان. ئائىـشە رەزىيەللاھـۇ
ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:
«سىلەر دۇئـا قىلـىپ، دۇئـايىڭلار
ئىجابەتـسىز قالماسـلىقى ئۈچـۈن

ئەمىر- مەرۇپ، ۋەز- نەسىھەت قىلىشنى تەرك ئەتمەڭلار»[1] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ.
شۇنىڭدەك، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلماسلىق ۋە ئاللاھ تائالاغا ئاسىيلىق قىلىشمۇ دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىغا توسقۇن

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بولىدۇ. زاھىدلارنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم بىر كۈنى بەسرە شەھىرىنىڭ بازىرىدا كېتىپ بارغىنىدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن: «نېمە ئۈچۈن بىز دۇئا قىلساق دۇئايىمىز ئىجابەت بولمايدۇ؟» دەپ سوئال قىلىدۇ. ئىبراھىم ئىبنى ئەدھەم ئۇلارغا جاۋاب بېرىپ: «چۈنكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلار ئون ئىللەت بىلەن ئۆلگەن: سىلەر ئاللاھ

تائالانى تونۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى
سۆيىدىغانلىقىڭلارنى دەۋا قىلىپ
تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈننىتىنى تەرك
ئەتتىڭلار، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ
تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىدىڭلار،
ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىدىن
ئوزۇقلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
شۈكرانىسىنى ئادا قىلمىدىڭلار،

‹شەيتان بىزنىڭ دۈشمىنىمىز› دەپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭغـا ئەگەشـتىڭلار، ‹جەنـنەت ھەقتـۇر› دەپ تـۇرۇپ، سـلەرنى جەنـنەتكە كىرىشكە سـاالھىيەتلىك قىلىـدىغان ئەمەللەرنـى قىلمىـدىڭلار، ‹دوزاخ ھەقتـۇر› دەپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭـدىن قاچمىـدىڭلار، ‹ئۆلـۈم ھەق› دەپ تـۇرۇپ، ئۇنىڭغـا تەييـارلىق قىلمىـدىڭلار، ئۇيقـۇدىن ئۇيغىنىپلا

كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى ئىزدەش بىلەن مەشغۇل بولىدۇغانلار، ئۆزلىرىدىكى ئەيىبلىرىنى ئۇنۇتىدىغانلار، مېيىتلىرىنى يەرلىگەنلەرنى، ئۇلاردىن ئىبرەت ئالمىغانلار».

پۈتۈن شەرتلىرى تولۇقلانغان بولسىمۇ ئىجابەت قىلىنمايدىغان دۇئالارمۇ بار. ئاللاھ تائالا كائىناتتا ئەزەلدىن شۇنداق بېكىتىپتىكەن

قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى سوراپ قىلىنغان دۇئا ئىجابەت بولمايدۇ.
مەسىلەن: بىراۋ ھېچ ئوقۇماستىن ئالىم بولۇشنى تىلىسە ياكى ھېچ سەۋەب قىلماستىن مەقسەتكە يېتىشنى تىلىسە، ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولمايدۇ. چۈنكى ئالىم بولۇشنىڭ قۇرالى ئوقۇش، مەقسەتكە يېتىشنىڭ چارىسى ئىشلەشتۇر. بۇنداق دۇئا خۇددى

قوٗياشنى مەغرىپتىن چىقىرىپ
بېرىشنى ياكى يەرشارىنىڭ
ئايلىنىشىنى توختىتىپ بېرىشنى
تەلەپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش
بىمەنىلىكتۇر. شۇنداقلا، بەزى
دۇئالار ئىجابەت قىلىنسا، دۇنيا
قانۇنىيىتى ئىگىز- پەس بولۇپ
كېتىدۇ. مەسىلەن: ھەممە كىشى
مېنى ساغلام قىل، باي قىل،
پادىشاھ قىل، ئالىم قىل، دەپ دۇئا

قىلسا، ئاللاھ تائالا بۇ دۇنيالارنىڭ
ھەممىسىنى ئەجايىبەت قىلسا، دۇنيا
قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، تەڭپۇڭلۇق
بۇزۇلىدۇ، دۇنيانى ۋە ئىنسانلارنى
يارىتىشتىكى ھېكمەت ئەمەلگە
ئاشمايدۇ. بۇنداق دۇنيالار ئەجايىبەت
قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ
دۇنيالارنىڭ ئورنىغا ئاللاھ تائالا
ساۋاب ۋە ياكى باشقا بىر نېمەت
ئاتا قىلىدۇ، ياكى ئاخىرەتتە ئايرىم

مۇكاپات ساقلاپ قويىدۇ. بىر
ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:
«ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى
بەندىدىن سورايدۇ، ‹ئى بەندەم
ماڭا پالانى چاغدا مۇنداق دەپ
دۇئا قىلغان ئىدىڭ ئىجابەت
قىلدىممۇ قىلمىدىممۇ؟› بەندە:
‹ئىجابەت قىلدىڭ ئى
پەرۋەردىگارىم› دەيدۇ، ئاللاھ
تائالا: ‹پالانى چاغدا مۇنداق دەپ

دۇئا قىلغانىدىكى ئىجابەت قىلمىدىم شۇنداقمۇ؟› دەپ سورايدۇ، بەندە: ‹شۇنداق ئى پەرۋەردىگارىم› دەيدۇ، ئاللاھ تائالا: ‹ئۇنىڭ ئىجابىتىنى مانا بۇگۈنگە ساقلاپ قويدۇم› دەپ ئۇنىڭغا دۇئاسىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرستىدۇ، بۇ چاغدا بەندە دۇئاسىنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈپ، ‹كاشكى ھەممە دۇئالىرىم دۇنيادا ئىجابەت قىلىنماي

ئـاخىرەتكە كېچىكتــۈرۈلگەن بولــسىچۇ، دەپ ئـارزۇ قىلــپ قالىدۇ»[1].

## دۇئانى تەرك ئېتىشنىڭ گۇناھى

ئـىسلام دىنىــدا بۇيرۇلغـــان ھەرقانــداق بىــر ئىبادەتنى تەرك

---

(1) ھــاكىم «ئەلمۇستەدرەك» نـاملىق ھەدىس كىتابىدا رىۋايەت قىلغان.

قىلىش گۇناھ بولغىنىدەك، دۇئانى تەرك ئېتىشمۇ گۇناھتۇر. چۈنكى دۇئا- ئىبادەتتۇر. مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلىمەن. مېنىڭ ئىبادىتىمدىن باش تارتقۇچىلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ»[1] دېگەن سۆزىنى،

---

(1) غافىر سۈرىسى 60- ئايەت.

ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزلىرىنى بىھاجەت سانىغانلار بولۇپ، ئۇلار خورلانغان ھالدا دوزاخقا ھەيدىلىدۇ، دەپ تەپسىر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتتىكى ئىبادەت سۆزىدىن دۇئا مەقسەت قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم ئۆزىنىڭ بەندىچىلىكىنى، ئاجىزلىقىنى ۋە ئاللاھ تائالاغا

ھەمشە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتىن باش تارتقانلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇنداقلارنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەن ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن باش تارتقان ئادەم تەۋەككۈلچىلىكى ئىككى خىل ئادەمنىڭ بىرىدۇر: بىرىنچىسى، ئۆزىگىلا ئىشەنگەنلىكتىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىن ئۆزىنى بىھاجەت ساناپ

دۇئـانى تەرك ئەتـكەن ئـادەم. مۇنداق ئادەم ھەددىنى بىلمەيدىغان، ياكى بىلمەسلىكتىن بارىكەللە، مۇتەكەببىرلەردىن سـانىلىدۇ. شـەيتانمۇ ئـۆز ۋاقتـىدا ئۆزىنـىڭ تەكەببۇرلىقىدىن ئـاللاھ تائالانـىڭ ئەمرىنى ئورۇنلاشتىن باش تارتقان بولـۇپ، شـۇ سـەۋەبتىن ئـۇ تـا قىيـامەتكىچە ئـاللاھ تائالانـىڭ ۋە پۈتـۈن خەلقنـىڭ لەنـىتىگە لايىق بولغـان. ئىككىنچىسى، دۇئاسى

ئەجابەت بولۇپ ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولىشىغا ئىشەنچ قىلالمىغان (ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنگەنلىكتىن دۇئانى تەرك ئەتكەن) ئادەم بولۇپ، مۇنداقلارمۇ ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك كۇپرىنىڭ جۆرىسىدۇر. قۇرئان كەرىم ئۈمىدسىزلىكنى كاپىرلارنىڭ سۈپىتىدىن سانايدۇ. ئاللاھ تائالا

قۇرئان كەرىمدە: «پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ»[1] دەيدۇ.

خەلقىمىزدىمۇ: «ئۈمىدسىز- شەيتان» دېگەن ھېكمەت بار.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر

---

(1) يۇسۇف سۈرىسى 87- ئايەت.

ھەدىسدە: «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن ھاجەتلىرىنى سورىمىغان ئادەمگە غەزەپ قىلىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## دۇئانىڭ ئەدەبلىرى

دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەبلىرى ۋە شەرتلىرى

(1) تىرمىزى رىۋايىتى

بولغىنىدەك، دۇئانىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئەدەبلىرى باردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. دۇئانى فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇش، ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن باشلاش. ئاندىن ھاجەتلىرىنى سوراش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىنىڭ نامازدىن كېيىن دۇئا

قلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇمىغانلىقنى كۆرۈپ: «بۇ ئالدىراپ كەتتى» دېگەن، ئاندىن ساھابىلارغا مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: «سىلەر ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلغىنىڭلاردا، ئاۋۋال ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىڭلار، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار،

ئۇنىڭدىن كېيىن خالىغان دۇئالىرىڭلارنى قىلىڭلار»[1]. دۇئانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش ئەۋزەلدۇر.

2 . دۇئانى ئەڭ كەمتەرلىك بىلەن قىلغان ھالدا ئاللاھ تائالاغا

---

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

يـالۋۇرۇش. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمـدە مۇنــداق دەيــدۇ: «زەكەرىيانىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئـۆز ۋاقتــدا ئـۇ: ›ئـى پەرۋەردىگـارىم! مېنـى يـالغۇز قويمـساڭ، سـەن ئەڭ ياخـشى ۋارىـستۇرسەن › دەپ نىدا قىلـدى. بـىز ئۇنـىڭ دۇئاسـىنى ئىجابەت قىلـدۇق، ئۇنىڭغـا يەھيـانى ئاتـا قىلـدۇق، ئۇنىڭغـا ئـايالىنى

(تۇغىدىغان قىلىپ) بەردۇق. ئۇلار (پەيغەمبەرلەر) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى»[1].

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 89 - 90- ئايەتلەر.

3. ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. «ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى بار، ئۇنى شۇلار بىلەن چاقىرىڭلار»[1]. ئاللاھ تائالا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 180- ئايەت.

«پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن،

دېدى»[1].

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ: اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي أَشْهَدُ أَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لَاإِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ الْأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ

---

(1) يۇسۇف سۈرىسى 101- ئايەت.

پەزلى- كەرەمگىنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەممە ساڭا مۇھتاج بولغان، پەرزەنتكە ۋە ئانىغا مۇھتاج بولمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە- يېگانە ئىلاھسەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ

ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نىمە سورىسا بىرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى»[1].

4. كىشى ئۆزىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنى ۋەسىلە قىلىش. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم

---

(1) تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

پەيغەمـــبەر ئەلەيهسســالامدىن «ئۆگكـۈردىكى ئـۈچ كـىشى» نـاڭ قىسسسسنى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، قىسسسنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: مۇسا ئەلەيهسسالامنىڭ قەۋمـدىن ئـۈچ نەپەر ئــادەم يولــدا كېتىۋاتقىنــدا ئۇشتۇمتۇت قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتــپ، ئــۇلار بــر ئۆگكـۈرگە كىرىۋالــدۇ، تــاغ ئۈســتىدىن بــر يوغــان تــاش دومــلاپ چۈشــۈپ

ئۆگكۆرنىڭ ئېغىزنى ئېتىۋالغانلىقى
سەۋەبلىك ئۇلار ئۆگكۆر ئىچىگە
سولىنىپ قېلىپ چىقىپ كېتىشكە
ھېچقانداق چارە قالمىغاندا،
ئۇلاردىن ھەر بىرى ئۆزىنىڭ خالىس
ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلغان
ياخشى ئەمەللىرىنى ۋاستە قىلغان
ھالدا ئاللاھقا كامالىي ئىخلاسى
بىلەن دۇئا قىلغىنىدىن كېيىن،
ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ،

ئۆتكۈرنىڭ ئىغىزى ئىچىلىدۇ ۋە ھەممىسى سالامەت چىقىپ كېتىدۇ[1].

5. دۇئا قىلغاندا قىبلىگە قاراپ، قولنى كۆتۈرۈش ۋە دۇئادىن كېيىن قولى بىلەن يۈزنى سىپاش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇئانى قىبلىگە قاراپ قولنى
كۆتۈرگەن ھالدا قىلغانلىقى
ھەققىدە كەلگەن ھەدىسلەر كۆپ.
مەسىلەن: ئەبۇ ھەمىد سائىدىي
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت
قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە
ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان مالنى
يېيىشنىڭ قاتتىق ھاراملىقىنى
چۈشەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن،

ئىككى قولنى قولتۇقلىرىنىڭ ئاق تۈكلىرى كۆرۈنگىچىلىك ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، ‹ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىنكى، كۆزۈم كۆرگەن ۋە قۇلىقىم ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىنى يەتكۈزدۈم› دېگەن»[1].

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇر تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلغاندا قىبلىگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان» دەپ قەيت قىلىنغان.

يەنە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى، مەن ئۇنىڭ ئىككى قولتۇقىنىڭ ئېقىنى

كۆردۇم»[1]. يەنە ھەزرىتى سەلمان ئەلفارىسى رەزىيەتتاللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «پەرۋەردىگارىڭلار ناھايىتى ھايالىق ۋە سېخىدۇر، بەندىسى ئۇنىڭغا ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلسا ئۇنى قۇرۇق قول

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ياندۇرۇشتىن هايا قىلدۇ»[1].
ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندا ئىككى قولىنى كۆتۈرسە يۈزىنى قوللىرى بىلەن سىلىماي چۈشۈرمەيتتى»[2].
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر

---

(1) ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

ھەدىسدە: «ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ نەرسە سورىغىنىڭلاردا، ئالقىنىڭلار بىلەن سوراڭلار، ئۇنىڭ دۈمبىسى بىلەن سورىماڭلار» دەپ كۆرسەتكەن[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام بىر كېچىسى غەرقەد قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلغان»[1].

6. دۇئادا ئاۋازىنى قاتتىق كۆتۈرمەسلىك، بەلكى ئاشكارىلىق بىلەن مەخپىيلىك ئوتتۇرىسىدا كۆتۈرۈش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە:

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

«پەرۋەردىگارىڭلارغا تـوۋۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئـىـمـام قۇرتـۇبـىي بۇئايەتنـىـڭ تەپسىرىدە مۇنـداق دەيـدۇ: بـۇ ئـايەت ئـۈچ چـوڭ مەسـىلىنى ئـۆز ئىچىگە ئالغان: بىرىنچىسى، ئاللاھ تائالانـىـڭ مۇسـۇلمانلارنى دۇئـا

(1) ئەئراف سۈرىسى 55- ئايەت.

قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى، ئىككىنچىسى، دۇئانى ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان ۋە يىلىنغان ھالدا قىلىشنىڭ لازىملىقى، ئۈچىنچىسى، دۇئانى رىيادىن يىراق بولۇش ئۈچۈن مەخپىي قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ماختىغان. «ئۇ ئۆز

ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىغا پەس ئاۋازدا دۇئا قىلدى»[1].

بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار دۇئا ۋە زىكرلەرنى ئاۋازلىق ئېيتقاندىن كۆرە، مەخپىي ئېيتىشنى تولىمۇ ئەۋزەل كۆرەتتى. ھەنەپىي مەزھىبىنىڭ پېشۋاسى ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپىنىڭ «ئامىن

---

(1) مەريەم سۈرىسى3- ئايەت.

(دۇئايىمنى ئىجابەت قىلغىن)»نى ئىچىدە دېيىشنى ئۇنۇلۇك دېيىشتىن ئەۋزەل كۆرگەنلىكمۇ، بۇ ئايەتكە ئاساسلانغان. چۈنكى «ئامىين» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىمۇ دۇئادۇر[1].

7. دۇئادا قاپىداش سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش. چۈنكى دۇئا دېگەن چىن قەلب قاتلىرىدىن

---

(1) «تەپسىرى قۇرتۇبىي»دىن ئېلىندى.

ئختىيارسىز ھالدا ئىتىلىپ
چىقىدىغان سەممىي ھېسسىيات
بولۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ بەدىئىيلىكى
ۋە ئېسىللىكى بىلەن قەتئىي
ھېسابلاشمايدۇ. تىل پەقەت
قەلبتىكىنى تەرجىمە قىلىش رولىنى
ئوينايدۇ. دۇئانى قاپلاشتۇرغاندا،
كۆڭۈل سۆزلەرنىڭ تىزىلمىسى بىلەن
مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقتىن،
دۇئادىكى سەممىيەت ۋە چىن

ئىخلاس يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئاللاھ تائالانىڭ: «پەرۋەردىگارىڭلارغا تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىچىڭلاردا دۇئا قىلىڭلار. ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەرنى ئاللاھ ياقتۇرمايدۇ» دېگەن سۆزىدىكى «ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر» دېگەن جۈملىنى «دۇئانى قاپلاشتۇرغانلار» دەپ تەپسىر

قىلغان.

8. دۇئا قىلغاندا ئالدى بىلەن ئۆزىگە، ئاندىن باشقىلارغا دۇئا قىلىش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا دۇئا تېخىمۇ ئىخلاس بىلەن بولغان بولىدۇ، ھەزرىتى ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىگە دۇئا قىلىپ قالسا ئالدى بىلەن ئۆزىگە دۇئا قىلاتتى،

ئاندىن ئۇ كىشىگە دۇئا قىلاتتى»[1]. قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئۆلگىلىك مۆمىنلەرنىڭ سۈپىتىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن دىنىي قېرىنداشلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. «ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر:

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

‹پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن››[1]

---

(1) ھەشر سۈرىسى 10 ـ ئايەت

9. دۇئا قىلغاندا ئىسلام
كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان
نەرسىنى تىلەپ دۇئا قىلىش،
يامانلىق ياكى گۇناھ ئىشنى
تىلىمەسلىك لازىم. بەزى كىشىلەر
ئاچچىغىم كەلدى دەپ ئۆزى ياكى
باشقىلارنى قارغاپ بەد دۇئا قىلىپ
سالىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان
كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئىنسان
(ئۆزىگە ۋە بالا- چاقىلىرىغا)

خەيرلىك دۇئا قىلغاندەك، (ئاچچىقى كەلگەندە) بەد دۇئا قىلىدۇ، ئىنسان ئالدىراڭغۇدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭلارنىڭ، باللىرىڭلارنىڭ ۋە مال-مۈلكۈڭلارنىڭ زىيىنىغا دۇئا قىلماڭلار. ئاللاھتىن سورىسىلا

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 11- ئايەت.

بىرىدىغان بىر ۋاقىت بولۇپ، دۇئايىڭلار شۇ ۋاقىتتا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ سىلەرگە ئىجابەت بولۇپ قالمىسۇن»[1].

10. دۇئا قىلغاندا قاشاڭلىق بىلەن ئارقا- ئارقىدىن قايتا- قايتا تىلەش، دۇئانىڭ ئاخىرىدا «ئامىين» دەپ ئاياغلاشتۇرۇش.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئەبۇ مۇسبەھل مەقرائىي ئەبۇ زۇھەير ئەلنەمرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە سىرتقا چىققان ئىدۇق، ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىۋېتىپ ئۈنى قايتىلاۋاتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دۇئاسىنى

تىڭشاش ئۆچۈن توختىدى، ئاندىن ‹ئەگەر ئۇ كىشى دۇئاسىنى تاماملىسا، دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ› دېدى. ھەمراھلىرىمىزدىن بىرسى: ‹نېمە بىلەن تاماملايدۇ؟› دەپ سوراپ قالدى، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئامىن› بىلەن تاماملايدۇ، ئەگەر ئۇ كىشى دۇئاسىنى «ئامىن» بىلەن تاماملايدىكەن، ئۇنىڭ دۇئاسى

چوقۇم ئەجابەت بولىدۇ» دېدى. بۇ
ۋاقىتتا پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامدىن سورىغان
ھەمراھىمىز ھېلىقى دۇئا قىلىۋاتقان
ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا:
«ئى پالانى! دۇئايىڭنى «ئامىن»
بىلەن ئاخىرلاشتۇرغىن، شۇنداق
قىلساڭ دۇئايىڭ ئەجابەت بولىدۇ»

دېدى»[1].

11. دۇئادا سورىغانلىرىنى ئۆچ قېتىمدىن قايتىلاپ ئېيتىش. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغىنىدا ئاللاھ تائالادىن سورىغانلىرىنى ئۆچ قېتىمدىن

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

قــايتىلاپ ســـورايتتى»[1] دەپ كەلگەن.

## دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ئەۋزەل ۋاقىتلار

هەر قانــداق ۋاقىتتــا قىلىنغــان دۇئــالار ئــاللاھ تائالاغــا چوقــۇم يېتــدۇ. ئــاللاھ تائــالا خالىغــان كــشىنىڭ دۇئاســىنى ئىجــابەت

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قىلدۇ. دۇئا قىلىش مەنئى قىلىنغان بىرەرمۇ ۋاقىت يوقتۇر. بىراق دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىن ۋاقىتلار دېيىلگەن بەزى ئەۋزەل ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. سەجدىگە بارغان ۋاقىت. ئاللاھ تائالا سەجدىنىڭ ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە تىلەكلەرنى ئاللاھتىن سوراپ قولغا كەلتۈرۈش

ئۆچـۈن ئەڭ ياخـشى پۇرسـەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا سەجدە قىلغىن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا يېقىنلىق هاسىل قىلغىن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «بەنـدىنىڭ ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بولغان هالىتى ئۇنىڭ

---

(1) ئەلەق سۈرىسى 19- ئايەت.

سەجدىدىكى ھالىتىدۇر. بۇ ۋاقىتتا دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1].

شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئاللاھ تائالاغا سەجدە قىلىۋاتقان ھالىتى، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا مەنىۋى تەرەپتىن ئەڭ يېقىن بولغان ۋە ئەڭ ياخشى ھالىتىدۇر. چۈنكى بۇ ۋاقىت مۇسۇلمان

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كـشىنىڭ بەدەننىـڭ ئەڭ يـۇقىرى
تەرەپـكە جايلاشقان، ھەمـشە
ئۇستۇن ۋە يـۇقىرى تۇرىـدىغان ئەڭ
ھۆرمەتلـك ئـورگىنى ۋە ئىنسان
ۋۇجۇدىنىڭ سىمۋۇلى بولغـان ئۇلـۇغ
پىشانىسىنى ئـادەتتە ئاياقلار بىلەن
دەسسىلىدىغان يەرگە قويۇپ تۇرۇپ
ئـاللاھ تائالاغـا بولغـان چەكسىز
ھۆرمىتىنى، ئىخلاسىنى ۋە ئەڭ ئالى
ئىپتىرامىنـى ۋايىغـا يەتكـۈزگەن،

ئۆزىنىڭ خار- زەبۇن، ئاجىز، بىچارە بەندە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي رەۋىشتە ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن بىر ھالەتتۇر. شۇڭا بۇنداق ھالەتتە شەرتلىرى تولۇق بولغان دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا ھېچ شەك يوقتۇر.

مۇلاھىزە: پەرز نامازلارنىڭ سەجدىسىدە، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالارنى

ئەرەب تىلى بويىچە قىلىش لازىم. ئەمما پەرزدىن باشقا ۋاجىب، سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنىڭ سەجدىلىرىدە ھەر كىم ئۆز تىلىدا بىلگەن دۇئالىرىنى ئوقۇسا ۋە ھاجەتلىرىنى سورىسا بولىدۇ.

2. قاتتىق خۇشاللىق ياكى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ياكى ئاللاھ تائالادىن ئىنتايىن زور مەمنۇن بولغان ياكى ئۇنىڭدىن قاتتىق

ئەيمىنىپ چۆچۈگەنلىكتىن ھاياجانلانغان لەھزىلەر. بۇنداق لەھزىلەردە قىلىنغان شەرتلىرى تولۇق دۇئالار چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «زەكەرىيا ھەر قېتىم مەريەمنىڭ ئىبادەت گاھىغا ئۇنى كۆرگىلى

كرسە، ئۇنىڭ يېنىدا بېرەر يېمەكلىك ئۇچرىتاتتى. ئۇ «ئى مەريەم بۇ ساڭا قەيەردىن كەلدى؟» دەيتتى. مەريەم: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلدى. ئاللاھ ھەققەتەن خالىغان ئادەمگە ھېسابسىز رىزىق بېرىدۇ» دەيتتى. زەكەرىيا (مەريەمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىڭغا، قىشتا يازنىڭ ۋە يازدا قىشنىڭ مېۋىلىرى

بىرلىشتەك ئاجايىپ كارامىتىنى ۋە ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا قۇدرىتىنى كۆرگەن ھامان) شۇ يەردىلا پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئانى ئىشتكۈچىسەن» دېدى. ئۇ ئىبادەت گاھىدا ناماز ئوقۇۋاتقاندا پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا: «ساڭا

ئاللاھنىڭ كەلىمىسى(ئىسا)نى تەستىق قىلغۇچى، سەييىد، پەرھىزكار ۋە ياخشىلاردىن بولغان يەھيا ئىسىملىك بىر پەيغەمبەر بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ» دەپ ندا قىلدى»[1].

يۇقىرىقى ئايەت، خوشاللىقتىن

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى37- 38-ئايەتلەر.

قاتتىق ھاياجانلانغان ۋاقىتتا
قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت
بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىدۇ.
چۈنكى زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام
پەرزەنت كۆرۈشنى بەكمۇ
ئارزۇلايتتى، لېكىن ئۇ ئۆزى
ياشىنىپ قالغان، ئايالمۇ قېرىپ
قالغان ھەم تۇغماس بولغانلىقتىن،
ئۇنىڭ بالىسى بولۇشىغا
ئىشىنەلمەيتتى. ھەتتا مەريەم

سۈرىسىدە، ئۇنىڭغا پەرزەنت كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىلگەنىدە: «ئىيالىم تۇغماس تۇرسا، مەن قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن تۇرسام، مېنىڭ قانداقمۇ ئوغلۇم بولسۇن»[1] دېگەنلىكى ھېكايە قىلىنغان. ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى مەريەمگە

---

(1) مەريەم سۈرىسى 8- ئايەت.

كۆرسەتكەن چەكسىز قۇدرىتىنى كۆرگەندىن كېيىن قاتتىق هاياجانلىنىدۇ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ھەر نەرسىگە، ھەتتا كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلارنىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئەلۋەتتە قادىر ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشىنىدۇ. دە، دەرھال قولىنى كۆتۈرۈپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلىشقا ئۆتىدۇ.

نەتجەدە دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى پەرزەنت كۆرۈشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن، ئۇلار ئۇيۇنى خىسلەتلەرگە تولغان بىر پەرزەنت كۆرمەكچى ئىدى. شۇنىڭدىن ئىبارەت مۇمكىن ئەمەس دەپ سانىغان ئىشى ئەمەلگە ئاشىدۇ.
ئەمدى، قاتتىق قورققانلىقتىن ھاياجانلىنىپ، ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرغان كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا كەلسەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «يۇنۇسنىڭ

(قسسسسنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بېلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدىكى) قاراڭغۇلۇقتا: «(پەرۋەردىگارىم) سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن

ھەقىقەتەن ئۆزۈمگە ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردىن بولدۇم» دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (كىت يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۆمىنلەرنى (ئىغىرچىلىقلاردىن) خالاس قىلىمىز»[1].

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 87- 88- ئايەتلەر.

يۇقىرىقى ئايەتلەر يۇنۇس
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلۈم گىردابىغا
كېلىپ قالغان، ئەتراپتىكىلەرنىڭ
ياردىمىدىن ئۈمىدى قەتئىي
ئۈزۈلگەن، قۇتۇلۇشنىڭ سەۋەبلىرى
پۈتۈنلەي توختىغان ۋە ئاللاھ
تائالاغا يالۋۇرۇشتىن باشقا چارىسى
قالمىغان، كېيىن قارىنىدىكى
قورقۇنۇشلۇق ۋە ئەندىشىلىك بىر
ۋەزىيەتتە، ئاللاھ تائالاغا بارچە

ئىخلاسى بىلەن يۈزلىنىپ ئۇنىڭدىن يـاردەم تىلىگەنلىكـى ۋە دۇئاسـى ئىجابەت بولۇپ، كىتىنىڭ قارىنىدىن سالامەت چىققانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

3 . روزا تۇتقـان ۋاقـىتلار. ئـالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «رامـىـزان ئېيىـدا قۇرئـان نازىـل بولۇشـقا باشـلـىدى، قۇرئـان ئىنـسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلـەن نـاھەقنى ئـايرىغۇچى

روشەن ئايەتلەردۇر، سلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۆچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىقلار ئۈچۈن يۇرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ)

سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا)شۈكۈر قىلىشىڭلارنى خالايدۇ. مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول

تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىشەنسۇن»[1].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، رامىزاننىڭ پەزىلىكىنىڭ بايانىغا ئاللاھنىڭ دۇئالارنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى ياندىشتۇرۇپ كەلتۈرۈلگەن.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 185- 186- ئايەتلەر.

بۇنىڭدىن رامىزاندا قىلىنغان دۇئالارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىنلىقى ئىپادىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل ئادەمنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ: بىرىنچىسى، رۇزىلۇمغا ئۇچرىغان ئادەمنىڭ دۇئاسى، ئىككىنچىسى، روزىدار كىشىنىڭ دۇئاسى،

ئۆچىنچىسى، ئادالەتلىك ھۆكۈمدارنىڭ دۇئاسىدۇر»[1].

رامىزان كېچىلىرىمۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنىڭ بىرىدۇر.

4. ئەرەفات كۈنى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرەفات كۈنىدىكى دۇئادۇر. مەن ۋە

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

مىنىڭدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر ئېيتقانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى: لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ يەنى «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ

ھەممە نەرسگە قادىردۇر، دېگەن كەلىمەدۇر»[1].

5. كېچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىرى يەنى بامدات نامازدىن ئىلگىرىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەر كېچىسى بىرىنچى ئاسمانغا چۈشىدۇ ۋە

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا: ‹ماڭا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، مەندىن سورىغان كىشىنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىمەن ۋە مەندىن مەغپىرەت تىلىگەن كىشىگە مەغپىرەت قىلىمەن› دەپ نىدا قىلىدۇ»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم

6. قەدىر كېچىسى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «قەدىر كېچىسى (شەرەپ ۋە پەزىلەتتە) مىڭ ئايدىن ئارتۇقتۇر»[1] دەيدۇ. قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ئەۋزەل بولغانلىقتىن بۇ كېچىدە دۇئا قىلىش تولىمۇ ئەۋزەلدۇر. پەيغەمبەر

---

رىۋايىتى.
(1) قەدىر سۈرىسى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزانىنىڭ
ئاخىرقى ئون كۈنىدە مۇشۇ قەدىر
كېچىسىنى كۆزلەپ ئۇنىڭدا دۇئا،
ئىستىغفار ۋە تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى
كۆپ قىلىپ قاتتىق تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەنلىكى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ
ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن
رەسۇلۇللاھتىن قەدىر كېچىسىنى
ئۇچرىتىپ قالسام نېمە دەپ دۇئا
قىلىشىم توغرۇلۇق سورىغىنىمدا، ئۇ

ماڭا:

اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ الْعَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي

يەنى: «ئى ئاللاھ! سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرغۇچىسەن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1] دەپ دۇئا قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

7. جۋمە كۈنى. چۈنكى جۈمە كۈنى ھەپتىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل كۈنى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى جۈمە كۈنىدۇر، ئۇ كۈندە ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلغان، شۇ كۈندە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن، شۇ كۈندە جەننەتتىن چىقىرىلغان، قىيامەتمۇ جۈمە كۈندىن باشقا

كۆندە بولمايدۇ»[1]. بۇنداق ئۇلۇغ ۋە ياخشى كۈندە دۇئانى كۆپ قىلىش تولىمۇ ئەۋزەل ۋە ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈندە دۇئا ئىجابەت بولىدىغان بىر سائەت باركى، قانداقلا بىر مۇسۇلمان كىشى ناماز

---

(1) ئىمام مۇسلىمرىۋايىتى.

ئوقۇۋاتقان ھالىتىدە ئۇنىڭغا ئۇچرىشىدىكەن، ئۇ نېمە سورىسا ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ سورىغىنىنى چوقۇم بېرىدۇ»[1].

ئىمام مۇسلىم ئەبۇ مۇسا ئەل ئەشئەرىيدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە كۆرە، پەيغەمبەر

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام: «جۇمە كۈندىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەت، ئىمام مۇنبەرگە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن ناماز تۈگىگەنگە قەدەر بولغان ۋاقىتلاردۇر»[1] دېگەن.

يەنە ھەدىسشۇناسلاردىن ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

«جۇمە كۈنىدە ئۇن ئىككى سائەت بولۇپ، ئۇنىڭدىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان سائەتنى تېپىپ بىر نەرسە سورىغان كىشىنىڭ سورىغانلىرىنى ئاللاھ تائالا چوقۇم بېرىدۇ. بۇ سائەتنى تېپىش ئۈچۈن ناماز ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي مۇنداق دېگەن: «ماڭا

كۆرە، جۈمە كۈنىدىكى دۇئا
ئىجابەت بولىدىغان سائەتنىڭ ناماز
ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىت
ئىكەنلىكى دەلىل جەھەتتىن
كۈچلۈكرەك بولسىمۇ، ھەر نامازنىڭ
ۋاقتى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان
ۋاقىتلاردۇر. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئۈممەتلىرىگە جۈمە
ۋاقتى بىلەن شۇ كۈننىڭ ناماز
ئەسىرىدىن كېيىنكى ۋاقىت

ئىككىسىنى مەخسۇس دۇئا قىلدىغان سائەتلەر قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن بولۇشى ئېھتىمال»[1].

8. ئەزان بىلەن تەكبىر (ئىقامەت) ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر

---

(1) ئىبنى قەييىم جەۋزىينىڭ «زاد المعاد» ناملىق ئەسىرى1- جىلد 131- بەتتىن ئېلىندى.

ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدىكى ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئا رەت قىلىنمايدۇ»[1] دېگەن.

9. سەپەر ئۈستىدىكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا ھېچ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

شەك يوق. ئۇلار: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا- ئانىنىڭ بالىلىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى»[1].

10. بېشىغا كۈن چۈشكەن كىشىنىڭ دۇئاسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم دۇئا قىلسا (ئۇنىڭ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

دۇئاسىنى) ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىلەرنى زېمىنىنىڭ ئورۇنباسارلىرى قىلغان كىم؟ ئالالاھتىن باشقا ئىلاھ بارمۇ؟ سىلەر ئازغىنا ۋەز- نەسىھەت ئالىسىلەر»[1].

## 11. قۇرئاننى خەتمە قىلغاندىن

---

(1) نەمل سۈرىسى 62- ئايەت.

كېيىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «قۇرئان خەتمە قىلىنغان ۋاقىتتىكى دۇئا ئىجابەت بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
«ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى خەتمە قىلماقچى بولغىنىدا، بالا- چاقىلىرىنى توپلاپ بىرگە خەتمە قىلىپ دۇئا

---

(1) دارىمىي رىۋايىتى.

قىلاتتى»[1].

12. بەش ۋاقىت نامازدىن كېيىنكى ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى دۇئا ئىجابەت قىلىنىشقا ئەڭ يېقىن؟ دەپ سورالغىنىدا: «كېچىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا، پەرز نامازلاردىن كېيىن قىلىنغان دۇئا ئىجابەت

---

(1) ئىمام نەۋەۋىي رىۋايەت قىلغان.

قىلىنىشقا ئەڭ يېقىندۇر»[1] دەپ جاۋاب بەرگەن. مۇجاھىد مۇنداق دېگەن: «ناماز ئەڭ ياخشى ۋاقىتلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇڭا نامازلاردىن كېيىن دۇئا قىلىشنى ئۇنۇتماڭلار».

13. قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنداقتا، سىلەر مېنى ياد ئېتىڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ياد ئېتەي»[1]. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ئۇنى ئۇگىنىش ۋە ئۇگىتىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئاللاھ تائالانى ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ياد ئەتكەنلىكتۇر. شۇڭا قۇرئان ئوقۇپ بولغاندىن كېيىنكى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 152- ئايەت.

دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر.

14. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغانلىدىن كېيىن. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۆمىن ئەرلەر ۋە مۆمىن ئاياللارغا، تائەت- ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت- ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا،

راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەپسلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسلىرىنى ھارامدىن

ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى»[1].

ئاللاھ تائالانى كۆپ زىكىر قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان «كاتتا ساۋاب» ئۇلارنىڭ

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى35- ئايەت.

دۇئالىرنى ئىجابەت قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە.

15. ئىسمۇلئەزەم ئوقۇلغان ۋاقىتلار. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋېتىپ اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لاَاِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ الْحَنَّانُ الْمَنَّانُ

بَدِيْعُ السَّماوَاتِ وَالأَرْضِ، يَاذَا الْجَلاَلِ وَالإِكْرَامِ، ياَ حَيُّ ياَ قَيُّوْمُ اَسْلُكَ يەنى "ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى-كەرەمڭنى سورايمەن، ھەقىقەتەن پۈتۈن ھەمدۇ سانالار ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن تولىمۇ شەپقەتلىكسەن، ناھايىتى ئاتا-ئىھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە

ياراتقان خالىقسەن، ئى ئەزىمەتلىك
ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە
تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە
زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ
تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن
(ھاجەتلىرىمنى) سورايمەن" دەپ
دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: "بۇ
ئادەم ئۇنى ئۇقۇپ نېمە سورىسا
بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت

بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى"»[1] دېدى.

16. ئىپتار ۋاقتى. روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت تۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى ھەرگىزمۇ

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەجابەتسىز قايتۇرۇلمايدۇ»[1].

17. زەمــزەم ســۈيى ئىچــكەن ۋاقــت. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنــداق دېــگەن: «زەمــزەم سۈيى نېمە ئۈچۈن ئىچىلگەن بولسا شۇنىڭ ئۈچۈندۇر، يەنى سەن ئۇنى شــىپالىق تەلەپ قىلىــپ ئىچسەڭ ئاللاھ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلىدۇ،

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

قورسىقىڭنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئىچسەڭ ئاللاھ سېنى تويغۇزىدۇ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچسەڭ ئاللاھ سېنىڭ ئۇسسۇزلۇقىڭنى كېسىدۇ. ئۇنى جىبرىل ئەلەيھىسسالام قازغان، ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئۈچۈرۈلگەن»[1].

---

(1) ئىمام بەيھەقىي، دارىقۇتنى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

18. زور قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ، ئاللاھ تائالاغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق ھېس قىلغان ۋە ئىخلاس كۆچەيگەن ۋاقىتلار. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «(دېڭىزدا) ئۇلارنى تاغلاردەك دولقۇنلار ئورىۋالغان چاغدا، ئۇلار كامالى ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى (دېڭىزنىڭ خەتەرلىرىدىن)

قوُتۇلدۇرۇپ قوُرۇقلۇقتا چىقارغان چاغدا، ئۇلارنىڭ بەزىسى توغرا يولدا بولىدۇ...»[1].

بۇ ئايەت زورقىينىچىلىقلارغا ئۇچرىغاندا، ئاللاھ تائالاغا كامالى ئىخلاس بىلەن قىلىنغان دۇئانىڭ ئىجابەت بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

---

(1) لوقمان سۈرىسى 32- ئايەت.

19. يـــامغۇر ياغقـــان ۋاقـــت.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق
دېگەن: «تـۆت ۋاقتتـا ئاسمانىڭ
دەرۋازىلـىرى ئېچىلـىدۇ ۋە دۇئـالار
ئىجابەت بولىدۇ. ئۇلار: مۇجاھىدلار
دۈشمەن بىلـەن ئۇچراشقان ۋاقـت،
يـامغۇر ياغقـان ۋاقـت، نامـاز ئـادا
قىلىنغان ۋاقـت ۋە كەبىنى كۆرگەن

ۋاقىتتۇر»[1].

بۇ ھەدىسقا ئاساسەن، كەئبىنى كۆرگەن چاغمۇ دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ياخشى ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

20. ئاتا- ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ پايدىسى ياكى زىيىنىغا قىلغان ھەر قانداق دۇئاسى شەكسىز ئىجابەت

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى.

بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىشىدا ھېچ شەك يوق. ئۇلار: زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىنىڭ دۇئاسى، مۇساپىرنىڭ دۇئاسى ۋە ئاتا- ئانىنىڭ باللىرى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

21. بىراۋنىڭ دىنىي قېرىندىشىغا غايىبانە قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. «مۇسۇلمان كىشىنىڭ دىنىي بۇرادىرىگە غايىبانە قىلغان دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا بىر پەرىشتە دائىم ھازىر بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ دىنىي بۇرادىرىگە ھەر قېتىم دۇئا قىلغىنىدا، مەزكۇر پەرىشتە «ئى ئاللاھ بۇ كىشىگىمۇ قېرىندىشىغا

تىلگىنىنىڭ ئوخشىشىنى بەرگىن›
دەپ دۇئا قىلدۇ»[1].

22. پەرز نامازلارغا ئەزان ئېيتىلغان ۋاقىتلار. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىككى ۋاقىتتىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ ياكى رەت قىلىنىش ئېهتىمالى ناهايىتى ئازدۇر:

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇلارنىڭ بىرى، نامازغا ئەزان چاقىرىلغان ۋاقىت، يەنە بىرى، مۇجاھىدلار دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشقان ۋاقىتتۇر»[1].

23. مۇجاھىدلار دۈشمەن بىلەن تۇتۇشقان ۋاقىت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆت ۋاقىتتا ئاسماننىڭ

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدۇ. ئۇلار: مۇجاھىدلار دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان ۋاقىت، يامغۇر ياغقان ۋاقىت، ناماز ئادا قىلىنغان ۋاقىت ۋە كەبىنى كۆرگەن ۋاقىتتۇر»[1].

24. مۇسىبەتكە ئۇچرىغان ۋاقىت. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

(1) بەيھەقى رىۋايىتى.

دېگەن: «قانداقلا بىر مۇسۇلمان بەندىگە بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ‹بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! بۇ مۇسىبىتىمدە ماڭا ئەجىر بەرگەيسەن، قولدىن بەرگىنىمدىن ياخشىراقىنى ئاتا قىلغايسەن› دەيدىكەن، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ،

ئۇنىڭ مۇسىبىتىدە ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ ۋە قولىدىن بەرگىنىدىن ياخشىراقىنى بېرىدۇ»[1].

25. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئوقۇلغانىدىن كېيىن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «مەن ناماز

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئوقۇۋاتــــاتتىم پەيغەمــبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر قاتــارلىق ســاھابىلەر بىلەن بىللە ئىدى. نامــازدا ئولتۇرغىنىمــدىن كېيىن، ئــاۋۋال ئــالاھ تائالاغــا ھەمــدۇ ســانا، ئانــدىن پەيغەمــبەر ئەلەيھســسالامغا دۇرۇد ئېيتــپ بولۇپ، ئۆزۈم ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ماڭــا: «ســورىغىن،

سورىغىنىڭغا ئېرىشسەن، سورىغىن، سورىغىنىڭغا ئېرىشسەن› دېدى»[1].

فەزالە ئىبنى ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدتە ئولتۇراتتى، بىر ئادەم كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن ‹ئى

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاللاھ! ماڭا رەھىم قىلغىن، ئى
ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن›
دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىغۇدى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا
‹ئالدىراپ كەتتىڭ ئەي نامىاز
ئوقۇغۇچى! ناماز ئوقۇپ بولۇپ،
ئولتۇرغىنىڭدا، ئاۋۋال ئاللاھ
تائالاغا لايىق رەۋىشتە ھەمدۇ سانا
ئېيتقىن، ئاندىن ماڭا دۇرۇد
ئېيتقىن، ئاندىن دۇئا قىلغىن›

دېـدى. ئانـدىن يەنە بىـر ئـادەم كېلىپ ناماز ئوقۇپ بولۇپ، ئاللاھ تائالاغـا ھەمدۇ سـانا، پەيغەمـبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇد ئېيتىۋىدى، پەيغەمـبەر ئەلەيھسسالام ئۇنىڭغا «ئەي ناماز ئوقۇغۇچى! دۇئا قىلغىن، ئىجابەت بولىدۇ» دېدى»[1].

26. راھەت- پاراغەتلىك كۆڭۈلەردە

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

دۇئا قىلىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قىيىن كۈنلەردە قىلغان دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت قىلىنىشىنى ياقتۇرسا، راھەت- پاراغەتلىك كۈنلىرىدە كۆپلەپ دۇئا قىلسۇن»[1].

## دۇئا ئىجابەت بولۇشقا ئەڭ

---

(1) تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

## يېقىن ۋە ئۇلۇغ جايلار

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلەرمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر»[1].

نامازۋە باشقا ئىبادەتلەرنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەخسۇس جاي ۋە

(1) بەقەرە سۈرىسى 115- ئايەت.

ماكان شەرت قىلىنمىغاندەك، دۇئا ئۆچۈنمۇ مەخسۇس جاي ۋە ماكان شەرت ئەمەس. بەلكى قانداقلا جايدا بولمىسۇن ئاللاھ تائالاغا قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار ئۇنىڭغا چوقۇم يېتىدۇ. ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇش جاي ۋە ماكان بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلب بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۆزى موسكۋۋادا بولسىمۇ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن

ئاللاھقا بىرلىپ چىن سەممىيەت بىلەن قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسى، گەرچە ھەرەمدە كەبىنىڭ ئالدىدا تۇرغان بولسىمۇ، پىكىر- خىيالى دۇنيالىقنىڭ غەم- ئەندىشىلىرىگە غەرق بولغانلىقتىن ئاللاھنى ئېسىگە ئالالمىغان بىپەرۋا كىشىنىڭ ئاغزاكى دۇئاسىدىن ئەۋزەل، ئەلۋەتتە. ئاللاھ بەندىلىرىگە ھەر جايدا ۋە ھەر قانداق ۋاقىتتا يېقىندۇر. ئۇ

ئۆزىنىڭ چەكسىز ئىلمى ۋە قۇدرىتى بىلەن ھەمىشە ئۇلار بىلەن بىللىدۇر. ئەمما كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا يېقىن بولۇشى ئاللاھنى ياد ئېتىش ۋە ئىمان، ياخشى ئەمەللەر ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرىپىگە يول ئېلىشى بىلەن بولىدۇ. ئىبادەت ۋە دۇئا ئۆچۈن جايلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشتۇر. پەقەت بەزى جايلار ئۇلۇغلۇقى يۈزىسىدىن ئىبادەت ۋە دۇئالارنىڭ

قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئەۋزەلدۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئەرەفات تېغى. شۈبھىسىزكى ئەرەفات كۈنى ئەرەفاتتا قىلىنغان ئىبادەتلەر ۋە دۇئالار قوبۇل بولۇشقا ئەڭ يېقىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەرەفات

كۈنىدىكى دۇئادۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

2. مۇلتەزەم (كەبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجەرۇل ئەسۋەد (قاراتاش) ئوتتۇرىسىدىكى جاي). بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مۇلتەزەم دۇئا ئىجابەت بولىدىغان جايدۇر. بۇ

---

(1) ئىمام مالىك رىۋايەت قىلغان.

جايدا ئاللاھقا دۇئا قىلغان كىشىنىڭ دۇئاسى چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

3. قۇرئان كەرىم تىلاۋەت قىلىنغان ۋە ئاللاھقا زىكىر ئېيتىلغان ئورۇنلار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداقلا بىر قەۋم ئاللاھ تائالانىڭ ئۆيلىرىدىن بولغان

---

(1) ئىمام بەيھەقىي رىۋايىتى.

بىرەر مەسجىدتە توپلىشىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشىدىكەن ۋە ئۇنى ئۆزئارا ئۆگىنىشىدىكەن، چوقۇم ئۇلارغا خاتىرجەملىك چۈشىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى ئۇلارنى ئورايدۇ، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇلارنى

يېنىدىكى پەرىشتىلەرگە تەرىپلەپ بېرىدۇ»[1].

4. كەبىنىڭ ئىچى. كەبىنىڭ سول تەرىپىگە قوپۇرۇلغان دۈگىلەك يېرىم تامنىڭ ئىچى كەبىگە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ تامنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغان ئادەم كەبىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ دۇئا قىلغانغا ئوخشاش

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بولىدۇ.
5. مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەم.
6 . مەدىنىدىكـــــى پەيغەمـــبەر مەسجىدى.
7 . پەلەســـــــــــتىندىكى بەيتۇلمۇقەددەس.
8. سافا ۋە مەرۋە تاغلىرى.
9. مىنــا، مـۇزدەلىفە ۋە باشـقىمۇ مۇقەددەس جايلار.
10. يەر يۈزىـــــدىكى جىمــــى

مەسجدلەر.

11. نامـاز ئوقۇلغـان ھەر قانـداق جايلار.

## ئەجابەت قىلىنغان دۇئالاردىن ئۆرنەكلەر

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئىجابەت بولغـانلىقى سـاماۋىي كىتـابلار ۋە تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان دۇئالار ئىنتايىن كۆپ. تۆۋەنـدە بىـر قانچە مىسال بېرىمىز:

1. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. «ئۇز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز!

ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۇممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى

ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى، ھېكمەتنى ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن، دېدى»[1].

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 127- 129- ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىقارغان. «ئۇز ۋاقتىدا ئىبراھىم: ‹پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلغىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان

ئېيتقانلارنى تۇرلۇك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن› دېدى»[1].
مەلۇمكى، ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، مەككە شەھىرى ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ مەركىزى بولغان شۇ ئۇزۇن تارىختىن بېرى، بۇ شەھەرگە كۇففارلارنىڭ ياكى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 126-ئايەت.

ئىستىلاچىلارنىڭ قەدىمى بېسىلغان ئەمەس. هازىرمۇ دۇنيادا ئەڭ تىنچ شەھەر، ئاھالىسى قىش ۋە ياز ھەر ۋاقىت ئۆزىدە بولمىغان ھەر تۈرلۈك شېرىن مېۋىلەر بىلەن رىزىقلىنىپ كەلمەكتە.

2. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. «نۇھ ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم يەر يۈزىدە

كاپىرلارنىڭ بىرنىمە قويمىغىن»[1]. ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن، ئۇنى مەسخىرە قىلغان كۇففارلارنى توپان سۈيى بىلەن غەرق قىلغان. بۇ دۇنيا تارىخىدا مەشھۇر ۋەقەلىك. بۇ ۋەقەنى ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتنىڭ

---

(1) نۇھ سۈرىسى 26- ئايەت.

ئالدىنقىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ: «ئۇلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن (توپان بىلەن) غەرق قىلىندى، دوزاخقا كىرگۈزۈلدى، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى تاپالمىدى»[1].

3. ئاللاھ تائالا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى

---

(1) نۇھ سۈرىسى 25- ئايەت.

ئەجابەت قىلغان. ئۇ ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن »[1] دەپ دۇئا قىلغىنىدا، ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغىنى ۋە ئايالىنىڭمۇ ياشىنىپ قالغان ھەم تۇغماسلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭغا يەھيا ئەلەيھىسسالامنى

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى89- ئايەت.

ئاتا قىلغان.

4. ئـاللاھ تائـالا ئەيـيـۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. ئـۇ: «(پەرۋەردىگارىم!) بېشىمغا دەرت كەلـدى، سـەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن»[1] دەپ ئاللاھ تائالاغا مۇناجات قىلغىنىدا، ئۇنىڭغا

(1) ئەنبىيا سۈرىسى83- ئايەت.

شىپالىق ئاتا قىلغان. «ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق»[1].

5. ئاللاھ تائالا يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. «ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدىكى) قاراڭغۇلۇقتا:

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 84 - ئايەت

‹پەرۋەردىگارىم! سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، سېنى (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تەرىپلەيمەن، مەن راستىنلا ئۆز-ئۆزۈمگە ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردىن بولدۇم› دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق، بىز

مۆمىنلەرنى شۇنداق قۇتقۇزىمىز»[1].

6. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلغان. بۇنىڭغا مىساللار ناھايىتى كۆپ. قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 87- 88 - ئايەتلەر

ئەسناسـدا كۇففارلارنـىڭ
سۈيىقەستىدىن ئامان قالغانلىقى،
مەككىنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقى،
ئۇھـۇد ۋە باشقا غـازاتلاردا
مۇسـۇلمانلارنىڭ غەلىبىگە
ئېرىشكەنلىكى ۋە باشقا ئۇلۇغۋار
ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى
ھەممىسـى مـۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرىنىڭ
ئىجـابەت بولغانلىقىنىڭ

ئۆرنەكلىرىدىندۇر. ئىمام بۇخارى
بىلەن مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر
ھەدىستە مۇنداق كەلگەن:
«مەدىنىدە قاتتىق يامغۇر يېغىپ
كەتكەن بىر كۈنى پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا
مۇناجات قىلىپ: اَللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ
عَلَيْنَا- «ئى ئاللاھ! بىزگە ئەمەس،
بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن»
دېگەن دۇئانى ئوقۇپ قىلىپ تېتىم

ئوقۇۋىدى، مەدىنە ئاسمىنىدا پەيدا
بولغان بۇلۇتلار مەدىنىنىڭ ئوتۇ ۋە
سول تەرەپلىرىگە تارقاپ كەتتى،
يامغۇر مەدىنە ئەتراپىدا يېغىشقا
داۋام قىلغان بولسىمۇ، مەدىنىگە بىر
تامچە يامغۇرمۇ چۈشمىدى. بۇ
ئـارقىلىق ئـاللاھ تائـالا
پەيغەمبىرىنىڭ كـارامىتىنى ۋە

دۇئاسىنىڭ ئىجابىتىنى ئىنىق كۆرسەتتى»[1].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق مۆمىن كىشىنىڭ يۈرەكتىن قىلغان دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. بۇنىڭغا كۆپلەپ مىساللارنى

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. تۆۋەندە بىر قانچە مىسال بىلەن كۇپايە قىلىمىز:

7. ئاللاھ تائالا ئەسھابۇلكەھفنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغان. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن»[1]

---

(1) كەھف سۈرىسى 10- ئايەت.

دەپ دۇئا قىلغانىدى.
ئەسھابۇلكەھف- ئەسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن رىملىق يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار بۇتپەرەس پادىشاھ داقيانۇسنىڭ زۇلمىدىن قېچىپ ئۆز دىنىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆڭكۈرگە سىغىنغان ۋە ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت تىلىگەن كىشىلەر ئىدى.
ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى

ئەجابەت قىلغانلىقتىن، ئۇلار ھىدايەت مەشئەللىرى سۈپىتىدە تارىختا قەيت قىلىنىپ جىمى مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدە چاقناپ كەلمەكتە.

8. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېكايە قىلىپ بەرگەن «ئۈڭكۈردىكى ئۈچ كىشى» نىڭ قىسسىسىدە، مەزكۇر ئۈچ ئادەمنىڭ ئاللاھ تائالاغا بارچە ئىخلاسى

بىلەن قىلغان دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ سالامەت چىقىپ كەتكەنلىكى بايان قىلىنغان.

9. ئۇۋەيس قىزى ئەرۋا سەئىد ئىبنى زەيدگە قارا چاپلاپ، «ماڭا تەئەللۇق زېمىننى ئېلىۋالدى» دەپ قازى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە ئەرز سۇندۇ. سوت جەريانىدا سەئىد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ:
‹كىمكى بىراۋنىڭ بىر غېرىچ يېرىنى
ھەقسىز ئىلىۋالىدىكەن، قىيامەت
كۈنى ئۇنىڭ بويىنغا يەتتە قات
زېمىن تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ›
دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ
يېرىنى ئىلىۋالامتىمەن؟!› قازى: ‹بۇ
سۆزدىن كېيىن سەندىن پاكىت
تەلەپ قىلمايمەن. ئى ئاللاھ! ئەگەر
بۇ ئايال يالغان ئېيتقان بولسا،

ئۇنىڭ كۆزىنى كور قىلغىن ۋە ئۇنى ئۆز زېمىنىدە ئۆلتۈرگىن› دەيدۇ. ھېلىقى ئايال راستىنلا كۆزىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ۋە ھويلىسىدىكى بىر قۇدۇققا چۈشۈپ ئۆلىدۇ»[1].

10. ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كۇفە

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

شەھەرگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتتىدۇ،
كۇفە ئەھلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن
شىكايەت قىلىپ خەلىپىگە ئەرز
يازغانىدىن كېيىن، خەلىپە ئۆمەر
ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋالى
قىلىپ ئەۋەتتىدۇ. خەلىپە كۇفە
شەھەرىگە سەئد بىلەن بىرگە
مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ سەئد
توغرۇلۇق بارلىق مەسجىدلەرگە
بېرىپ سوراشتۇردۇ. كۇفە

مەسجىدلىرىنىڭ ھەممىسىدە كىشىلەر سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ماختايدۇ، پەقەت بىرلا مەسجىدتە، بىر ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەئد توغرۇلۇق گۇۋاھلىق سورىساڭلار، سەئد غازاتتىن قاچاتتى، غەنىيمەتنى ئادالەت بىلەن تەقسىم قىلمايتتى، ئەرزلەرنى ئادالەتلىك سورىمايتتى» دەيدۇ. شۇۋاقىتتا سەئد دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ئى

ئاللاھ! ئەگەر بۇ بەندەڭ ئۆزىنى
كىشلەرگە كۆرسىتىش نىيىتىدە
يالغان ئېيتىپ ماڭسا شۇنداق
تۆھمەت قىلغان بولسا، ئۇنىڭ
ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغىن، پېقىرلىقىنى
زىيادە قىلغىن ۋە پىتنىگە دۇچار
قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدۇ. راستىنلا
بۇ ئادەم قېرىلىقتىن ئىككى
كىرپىكى كۆزلىرىنى يېپىۋالغان،
كىشلەرنىڭ مەسخىرىسىگە كۆندە

دىگۇدەك ئۇچرىغان ھالدا خورلۇققا قالىدۇ. ئۇ ھەمىشە ئۇھ تارتىپ، «مەن سەئدنىڭ قارغىشىغا كەتتىم، ئۇنىڭ دۇئاسى مېنى تۇتتى»[1] دەيدىكەن.

11. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ئالتە نەپەر كىشى ۋەزىپە ئۆتەش يولىدا مەككىگە

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

يېقىن بىر جايدىكى ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان مۇشرىك كۆچلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدۇ، ئۇلار سان جەھەتتە ئۆزلىرىدىن كۆپ بولغان مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشىپ ھەممىسى شەھىد بولدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاسىم ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بار بولۇپ، ئۇھۇد غازىتىدا ئاسىم ئىبنى سابىتنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن

ئىككى ئۇغلىنىڭ قىساسى ئۈچۈن
ئاسمىنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىنى
قەدەھ قىلىپ ھاراق ئىچىشكە
قەسەم قىلغان ۋە ئاسمىنىڭ
كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە
مال- دۇنيادىن خالىغىنىنى بېرىشنى
ۋەدە قىلغان سۇلافە مەككىدە
ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ يۈرەتتى.
ئاسمىنى شەھىد قىلغانلار دەسلەپتە
ئۇنىڭ ئاسىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن

بولسمۇ، كېيىن تونۇپ قىلىپ ئۇنىڭ بېشىنى سۇلافگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق مال- دۇنياغا غەرق بولۇش تەمەسىدە جەسەدنىڭ يېنىغا كەلگىنىدە، بىر توپ ھەرە جەسەدنى چۆرىدەپ يۈرۈپ ئۇلارنى زادى جەسەدكە يېقىنلاشتۇرمايدۇ. ئۇلار ئاخىرى ئاسىمنىڭ بېشىنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئېلىشقا كېلىشىپ قايتىپ كېتىشىدۇ، شۇ كېچىسى ياغقان

يامغۇر بىلەن سەل ئاسمىنىڭ جەسەدىنى قاياققىدۇر ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇلار جەسەدنى ئىزدەپ قەتئىي تاپالمايدۇ. چۈنكى ئاسمىنى شەھىد بولۇش ئالدىدا ئاللاھ تائالاغا يالۋۇرۇپ: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ ئۇلۇغ دىنىڭنى قوغداش يولىدا جېنىمنى پىدا قىلدىم، مېنىڭ جەسىدىمنى كۇففارلارنىڭ قولىغا چۈشۈرمىگەيسەن» دەپ دۇئا

قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ جەسەدى كۇففارلارنىڭ قولىدا خارلانمىغان.

12. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر ئادەمنىڭ قىسسىسىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بىر كىشى دىنداشلىرىدىن بولغان بىراۋدىن

مـﯩڭ دىنـار قەرز سـورايدۇ، قەرز بەرگـۈچى ئۇنىڭـدىن گـۇۋاھچى تەلەپ قىلغىنىدا، ئۇ «گۇۋاھچىلىققا ئاللاھ تائالا يېتەرلىك » دەيدۇ، ئۇ كاپالەت تەلەپ قىلغىنىدا، «كاپالەت بېرىشكە ئـاللاھ تائـالا يېتەرلـىك» دەيـدۇ. قەرز بەرگـۈچى ئۇنىڭغـا «راست ئېيتتىڭ» دەيدۇ- دە، مەلۇم مۇددەتلىك قەرز ھېسابىدا مـىڭ دىنـارنى ئۇنىڭغـا بېرىـدۇ. قەرز

ئالغۇچى پۈلنى ئېلىپ دېڭىزنىڭ ئۇ
قېتىغا كېتىدۇ ۋە ئېھتىياجلىرىنى
ھەل قىلىدۇ. ئاندىن قەرزنى
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئىگىسىگە
تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ
يېنىغا بېرىشقا بېرەر كېمە ياكى
قېيىق ئىزدەپ يۈرۈپ قەتئىي
تاپالمايدۇ، كۆپ باش قاتۇرۇپ
ئاخىرى بىر چوڭ ياغاچنىڭ
ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ ئامانەت بىلەن

خەتنى ئۇنىڭ ئىچىگە سالدۇ- دە، ئاللاھ تائالاغا سىغىنىپ : «ئى ئاللاھ! پالانىدىن ۋاقىتلىق مىڭ دىنار قەرز ئالغانلىقىمنى سەن بىلىسەن، ئۇ مېنىڭدىن گۇۋاھچى تەلەپ قىلغىنىدا سېنى گۇۋاھچى قىلسام قوبۇل قىلغان ئىدى، كاپالەت تەلەپ قىلغىنىدا سېنى كېپىل قىلسام ئۇنىڭغا رازى بولغان ئىدى، مەن بىرەر كېمە تېپىپ

ئامانەتنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە تىرىشقان بولساموۇ ئۈنىڭغا چامىم يەتمىدى. بۇ ئامانەتنى ساڭا تاپشۇردۇم، دەپ دۇئا قىلىپ، ھېلىقى ياغاچنى دېڭىزغا قويۇپ بېرىدۇ. قەرز بەرگۈچى قەرزنىڭ ۋاقتى توشقانلىقى ئۈچۈن قەرزدارنىڭ كېلىپ قېلىشىنى كۈتۈپ دېڭىز بويىغا چىققان ئىدى. ئۇ دېڭىزدا ئېقىپ كەلگەن ياغاچنى

كۆرۈپ، ئۇنى ئوتۇن قىلىپ بالىلىرىنى ئىسسىندۇرۇش نىيىتى بىلەن ئۇ ياغاچنى سۇزۇپ ئېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ياغاچنى يارغىنىدا مىڭ دىنار ئامانەت بىلەن خەتنى تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. بۇ ئارىدا قەرزدارمۇ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ يەنە مىڭ دىنار ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزۈر ئېيتىپ: «مەن ئامانەتنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇش ئۈچۈن كېمە

ئۇزدىگەن بولسامۇ، مۇشۇ كىمدىن بۇرۇنراق كىلىدىغان بىرەرسىنى تاپالمىغانلىقىم ئۈچۈن كىچىكىپ قالدىم» دەيدۇ، قەرز بەرگۈچى: «سىز ماڭا بىرەر نەرسە ئەۋەتكەنىدىڭىز» دەپ سورايدۇ، قەرزدار: «مەن سىزگە دەۋاتىمەنغۇ، مۇشۇ كىمدىن بۇرۇنراق كىلىدىغان بىرەر كىمە تاپالمىدىم» دەپ جاۋاب بىرىدۇ، قەرزدار: «سىز ياغاچ بىلەن

ئەۋەتكەن ئامانەتنى ئاللاھ تائالا سىز ئۈچۈن ئادا قىلدى، سىز ئەمدى مىڭ دىنارىڭىزنى ئېلىپ قايتىڭ» دەيدۇ»[1].

بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە بايان قىلىپ بەرگەن ئەجابەت قىلىنغان دۇئالاردىن بىر ئۆلگە بولۇپ، بۇنىڭدا دۇئادىكى چوڭقۇر

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

ئىخـلاس، سـەممىيەت ۋە كەم
ئۇچرايدىغان ۋاپادارلىق، شۇنداقلا
باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا
بولغـان جىددىي ھېرىسمەنلىك
ۋايىغا يەتكەن.
يۇقىرىقىلاردىن باشقىمۇ ئەجابەت
بولغـان دۇئالارنـىڭ مـىسالىرى
ئىنتايىن كۆپتۇر. شەرتلىرى توشقان
دۇئالارنـىڭ، خۇسۇسـەن ئاتـا-
ئانىنىڭ بالىلىرىنىڭ پايدىسى ياكى

زىينى ئۇچۇن قىلغان ھەر قانداق دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولىشىۋاتقانلىقى، ھەتتا قورغاقچىلىقتىن يامغۇر تىلەپ قىلىنغان دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولىشىۋاتقانلىقى شەك قوبۇل قىلمايدىغان بىر رېئاللىقتۇر.

## دۇئا سەۋەبتىن بىھاجەت قىلالامدۇ؟

تىلەكلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن دۇئا بىلەن سەۋەب

ئىككىسى ھەل قىلغۇچ رولنى ئوينايدۇ. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىدىن قەتئىي ئايرىلالمايدۇ. شۇڭىمۇ ئىنسان ئاللاھقا دۇئا قىلىش بىلەن بىرگە، قولىدىن كەلگەنچە سەۋەبلەرنى قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئاللاھتىن جەننەتنى سورىغان ئادەم دۇئا بىلەن بىرلىكتە، ئۆزىنى جەننەتكە كىرىشكە سالاھىيەتلىك قىلىدىغان

ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى،
دۇزاختىن پاناھ تىلىگەن ئادەم
دۇزاختا كىرىشكە سەۋەب
بولىدىغان يامان ئىشلاردىن قەتئىي
قول ئۈزۈشى، رىزقىنىڭ كەڭ بولىشى
ۋە پېقىرلىقتىن قۇتۇلۇشنى تىلىگەن
ئادەم رىزىق دۇنياسىنىڭ ئىشكىنى
ئەمگەك ئاچقۇسى بىلەن ئېچىشى،
قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن ئادەم
ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشىنىڭ چارە

ۋە تەدبىرلىرىنى قولىنىشى، كېسەلدىن شىپالىق تېپىشنى تىلىگەن ئادەم ئالالاھقا دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دوختۇرغا بېرىشى لازىم. دۇئا مەقسەتكە يېتىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇگىلاشتۇرۇش ۋە يوللىرىنى يورۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممە ئىشنى سەۋەبلەرگە باغلىق قىلغان. قۇرئان كەرىم

مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەنلىرىنى نەتىجىسىنى كۆرىدۇ»[1].

سەۋەبكىلا چوقۇنۇپ كېتىپ ئاللاھنى ئۇنتۇش توغرا بولمىغاندەك، دۇئاغىلا يۆلىنىپ سەۋەبتىن بىھاجەت بولۇشمۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى ئالدىنقىسى،

---

(1) نەجم سۈرىسى 39- ئايەت.

ئاللاھنىڭ ئىبادىتىدىن باش تارتقانلىق، كىبىرلىكسى، «ئۆزىمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دېگەنلىكتۇر.
دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ باغلىنىشى ناھايىتى زىچ باغلىنىشتۇر. ئەگەر تىلەكلەرنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن دۇئالا كۇپايە قىلىدىغان بولسا ئىدى، ئىنسانلىقنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى ۋە پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزەللى
پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام سەۋەب قىلمىغان ۋە
ئۇنىڭغا تەشەببۇسمۇ قىلمىغان
بولاتتى. ئەگەر تىلەكلەر سەۋەب
بىلەنلا ھاسىل بولىدىغان بولسا
ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
شۇنچە ئەھمىيەتلىك ۋە
خاسىيەتلىك دۇئالارنى ئۈممىتىگە
ئۆگەتمىگەن ۋە ئۆزىمۇ قىلمىغان

بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا بىلەن سەۋەبنىڭ ئارىسنى قەتئىي ئايرىغان ئەمەس. ئۇنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشى ھەر تۈرلۈك خاسىيەتلىك دۇئالار بىلەن تولغاندەك، ئىشلەش، چارە- تەدبىر قوللىنىش ۋە ھەر ئىش ئۈچۈن سەۋەب قىلىشتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ئالدىنقىلاردىن ئىدى. ئۇ مەسجىدتە ئىمام،

غازاتلاردا قوماندان، مەدرىسسدە ئۇستاز، دىندا رەھبەر ۋە ئائىلىسىدە ئىشلەمچان ئاتا ئىدى. شۇڭا ئۇ غەلىبە قىلدى، غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالدى ۋە ئىنسانىيەتكە ئۈلگە بولۇپ دىللاردا پارلىدى.

**دۇئا تەقدىرنى بىكار قىلالامدۇ؟**

تەقدىر بەلگىلىنىپ بولغان بىر

ئىش. دۇئا ئۆزنى بىكار قىلىۋېتەلمەيدۇ. بىراق دۇئا تەقدىردە بەلگىلەنگەنلەرنى ياخشىلىق تەرەپكە بۇرىيالايدۇ. شەرتلىرى تولۇق بولغان ۋە سەممىي قىلىنغان دۇئا ئەلۋەتتە تەقدىرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تەقدىردىن قاچقىلى بولمايدۇ. بىراق دۇئا يۈز بەرگەن ۋە

يۈز بەرمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆچۈن پايدىلىقتۇر. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! دۇئانى كۆپ قىلىڭلار»[1]. بۇ يەنە سەۋەب بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. چۈنكى تەقدىر سەۋەبتىن ئايرىلالمايدۇ، بۇ ئىككىسى ئەزەلدىنلا شۇنداق بىرگە بېكىتىلگەن.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تەقدىر دېمەك باشقىسنى تاللاش ئىختىيارى بولمايدىغان بىرلا يول دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى تەقدىر سەۋەب بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقتىن، سەۋەبلەرگە قاراپ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇ خۇددى خەرىتىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: شەرققە ماڭسىڭىز پالانى جايغا، غەرب تەرەپكە ماڭسىڭىز پالانى جايغا يېتىپ بارىسىز. قۇرۇقلۇقتىن

ماڭسڭىز بىخەتەر يېتىپ بارسىز،
هاۋادىن ماڭسىز تېز يېتىپ بارسىز،
دېڭىز ئارقىلىق ماڭسىز خەۋپ
خەتەرگە ئۇچرىشىڭىز مۇمكىن،
دەپ سىزنىپ كۆرستىلگەنگە
ئوخشاش، ئاللاھ تائالا تەقدىرنى
ئەنە شۇنداق بەلگىلىگەن. ئىنسانلار
يول تاللاش ۋە قانداق سەۋەبلەرنى
قوللىنىشتا ئەركىندۇر. چۈنكى
ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا تاللاش

ئىختىيارنى بەرگەن. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ قايسىبىر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق سەۋەبلەرنى قىلىپ كۆرىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى ئېنىق بىلگۈچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن بولۇش ھەممىسى خۇددى ۋىدىيو پىلاستىنكىلىرىغا ئېلىنىپ ساقلانغان ئارخىپقا ئوخشاش ناھايىتى ئېنىقتۇر. سىز قايسىبىر يولنى

تاللىماڭ ۋە قانداق سەۋەبلەرنى قوللانماڭ سىز ئالLاھ تائالانىڭ تەقدىرى بويىچە ئىش كۆرگەن بولىسىز. چۈنكى سىز تاللايدىغان يوللار، قىلىدىغان ئىشلار ۋە قوللىنىدىغان چارە- تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى تەقدىر خەرىتىسىنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ۋە قايسىسىنى تاللاش ئىختىيارى سىزگە بېرىلگەن. مانا بۇ،

«ھېچقانداق ئىش ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرىدىن تاشقىرى بولمايدۇ» دېگەننىڭ مەنىسىدۇر. ئىنسان شۇڭا يول تاللاشتا ئەركىندۇر. ئۇنىڭ تاللىغان يولى ۋە قوللانغان سەۋەبلىرىگە قاراپ تەقدىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «قازا ۋە قەدەرنى

پەقەت دۇئالا قايتۇرلايدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «پۈتۈلگەن ئىش كەلسە، ھەزەر قىلغانىنىڭ پايدىسى بولمايدۇ، دۇئا يۈزبەرگەن ۋە ياكى تېخى يۈزبەرمىگەن ئىشلارغا پايدىلىق بولىدۇ، بالايىئاپەت كەلسە دۇئا

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدۇ- دە، بۇ ئىككىسى تا قىيامەتكىچە ئېلىشىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ مەنىسى شۇكى، قەدەر ئوقى ياچاقتىن چىقىپ بولغان ۋە ئۇ ئۆز يۆنىلىشىگە قاراپ يۈرۈپ كەتكەن، شەرتلىرى تولۇق بولغان سەممىي

---

(1) ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايىتى.

دۇئا ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشكە
توسقۇن بولالىغانلىقى، يۈرەكتىن
ئەمەس ئاغزاكى قىلىنغان ياكى
شەرتلىرى تولۇق بولمىغان دۇئالار
ئۇنى توسالمايدۇ. دۇئانىڭ قەدەر
ئوقىنى نىشانغا تېگىشتىن توسۇپ
قالالىغانلىقى تەقدىر قىلىنىپ بولغان
ئىشنى بىكار قىلىۋەتكەنلىكى ياكى
ئارقىغا قايتۇرىۋەتكەنلىكى ئەمەس،
ئەلۋەتتە. بەلكى قەدەر ئوقى ئۆز

يۈنىلىشگە قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، دۇئانىڭ سەۋەبى بىلەن ئۇنىڭ نىشانىغا يېتەلمىگەنلىكىدۇر. ئىمام غەزالى مۇنداق دېگەن: «بىلگىنكى بالايىئاپەتنى دۇئا ئارقىلىق قايتۇرۇپ، رەھمەت كەلتۈرۈشمۇ بەلگىلەنگەن شۇ قازا ۋە قەدەرنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

---

(1) ئىمام غەزالىينىڭ «ئىھيائۇ

## دۇئا بىراۋنىڭ ۋاستىسىگە موھتاجمۇ؟

دۇئا ھېچكىمنىڭ ۋەسىلىسىگە (ۋاستىسىگە) مۇھتاج ئەمەس. تىلەكلەر پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن بىۋاستە سورىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ

---

ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىردىن.

مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن»[1].

مازار- ماشايىخلاردىن، ئاتالمىش ئەۋلىيا ۋە پىرلەردىن ھاجەت

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 186- ئايەت.

سوراش ۋە مەدەت تىلەش ياكى ئۆلاردىن بېرەرسىنى ئاللاھ تائالاغا ۋاستە قىلىش جائىز ئەمەس. بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالاغا باشقىلارنى شېرىك قىلغانلىق قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ. ئەمما ھايات كىشىلەرنىڭ ئۆلگەنلەرگە قىلغان دۇئاسى چوقۇم يېتىدۇ.
دۇئادا ۋاستە قوللىنىشقا بولىدۇ، بىراق ۋاستە كىشىنىڭ ئۆز ئەمەلى

ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-
سۈپەتلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ.
ھەركىم ئۆزىنىڭ ئاللاھ تائالاغا
بولغان چىن ئىمانىنى، ئاللاھنىڭ
بارچە كەمچىلىكلەردىن پاك
ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىسىم-
سۈپەتلىرىنى، پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامغا بولغان
سۆيگۈسىنى ۋە ئاللاھ رازىلىقىنى
كۆزلەپ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى

ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ھاجەتلىرىنى ئاللاھتىن سورىسا بولىدۇ. مانا بۇ، ئىسلام شەرىئىتىدە كۆرسىتىلگەن ۋەسىلە قىلىش ئۇسۇلىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ ئىمانىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا قىلغانلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقىنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاستە قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا ۋاپات قىلدۇرغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە

قىلغان نەرسىنى (جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى پەرۋەردىگارى ئىجابەت قىلدى»[1].

ئاللاھ تائالا يەنە قۇرئان كەرىمدە

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 193- 195- ئايەتلەر.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئالاھنىڭ بىرلىكى ۋە نۇقسانلاردىن
پاكلىقىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا
قىلغانلىقى ۋە دۇئاسىنىڭ ئىجابەت
بولغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق
دەيدۇ: «ئۇ (بېلىقنىڭ قارنىدىكى)
قاراڭغۇلۇقتا پەرۋەردىگارىم!
سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق.
سېنى (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاك
دەپ تەرىپلەيمەن. مەن راستىنلا

ئۆز-ئۆزۈمگە ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردىن بولدۇم، دەپ نىدا قىلدى. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق. ئۇنى غەمدىن خالاس قىلدۇق»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمىشە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋاستە قىلىپ دۇئا

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى 87- 88- ئايەتلەر.

قىلاتتى. ئۇ قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: يَا حَيُّ يَاقَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ يەنى «ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا سىغىنىپ سەندىن ياردەم سورايمەن»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

يـۇقىرىقىلاردىن باشـقا، ھايات بولغـان ئاتـا- ئانـا، ئۆلۈمـا ۋە باشقىمۇ كىشلەرنىڭ دۇئـا قىلىپ بېرىشىنى ئۆتىنىش دۇرۇستۇر. ئۆمەر ئىبنـى خەتتـاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇدىن رىـۋايەت قىلىنـدۇكى: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئـۆمرە قىلىش ئۈچـۈن رۇخـسەت سـورىۋىدىم، ماڭـا رۇخـسەت بەردى ۋە ‹ئـى قېرىنـدىـشىم! دۇئـايىڭـدا

بىزنىمۇ ئونۇتمىغايسەن، دېدى»[1].
شۇنداقلا كىشى ئۆزىنىڭ گۇناھتىن
يانغانلىقىنى ۋاستە قىلىشىمۇ
دۇرۇستۇر. چۈنكى گۇناھتىن يېنىش
ياخشى ئەمەلگە ياتىدۇ. ياخشى
ئەمەل دۇئادا ئەڭ ياخشى ۋاستە
بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
«ئۆڭكۈردىكى ئۈچ كىشى» نىڭ

---

(1) ئەبۇداۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

قسسسسسده، ئۇلارنىڭ بىرى ئالللاھتىن قورققانلىقتىن، شەرت-شارائىتى ھازىرلىنىپ بولغان زىنانى تەرك ئەتكەنلىكنى ۋاستە قىلغان ئىدى.

# ئىككىنچى بۆلۈم: قۇرئان كەرىمنىڭ پەزىلىتى

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى

قۇرئان كەرىم- ئاللاھ تائالانىڭ مۇبارەك سۆزى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق مۆجىزىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى، ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئەمەل قىلىش

بـىلەن ئىككـى ئالەملـىك
سائادەتلەرگە، ئۇنى تىلاۋەت قىلىش
بـىلەن ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا
ئېرىشكىلى بولىدىغان ئۇلۇغ
كىتابتۇر. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى
كۇپرى ۋە زالالەتنىڭ زۇلمەتلىرىدىن
ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ
چىقىش ئۈچـۈن ئـاللاھ تائـالا
تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى
مـۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا

چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت مەشئىلى.
ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى
مۇھەممەد! قۇرئاننى ساڭا
كشىلەرنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى
بىلەن كۇپرىنىڭ زۇلمەتلىرىدىن
ئىمانىنىڭ نۇرىغا چىقىرىشىڭ
ئۈچۈن، غالىب، ھەممە تىللاردا
مەدھىيىلەنگەن ئاللاھ تائالانىڭ

يولىغا باشلىشىڭ ئۇچۇن چۇشۇردۇق»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇشۇ كىتاب (قۇرئان) بىلەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەرتىبىسىنى يۇقىرى قىلسا، يەنە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 1- ئايەت.

مەرتىبسىنى تۆۋەن قىلىدۇ»[1].

قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇلۇغلىقىدىن ئۇنىڭ مەنىسىنى بىلىسۇن-بىلمىسۇن، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلغان ئادەم چوقۇم ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تىلاۋەت قىلىپ تۇرىدىغانلار، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار ۋە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى (ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا سەرپ قىلىدىغانلار ھەرگىز كاسات بولمايدىغان تىجارەتنى ئۈمىد قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ مۇكاپاتىنى تولۇق بېرىدۇ ۋە مەرھەمىتىدىن ئۇلارغا ئاشۇرۇپ

بىرىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇغۇچىلار، قۇرئان كەرىم ئۆزىنى ئوقۇغانلارغا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغان ھالدا

---

(1) فاتىر سۈرىسى 29- 30- ئايەتلەر.

كېلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۆمىن خۇددى ئۇتروج دېگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، تەمى تاتلىق كېلىدۇ. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۆمىن خورمىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يوق، ئەمما تەمى تاتلىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرىدىغان مۇناپىق رەيھانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقى خۇشبۇي، ئەمما تەمى ئاچچىقتۇر. قۇرئان ئوقۇپ تۇرمايدىغان مۇناپىق (ياۋا) خەمەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ پۇرىقمۇ يوق، تەممۇ ئاچچىقتۇر»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم

ئۇ يەنە بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشى بىر ساۋابقا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر ساۋاب ئون ھەسسىگە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. ‹ئەلىف، لام،مىم› نى بىر ھەرپ دەپ ھېسابلىمايمەن، بەلكى ‹ئەلىف› بىر ھەرپ، ‹لام› بىر ھەرپ، ‹مىم› بىر

رىۋايىتى.

ھەرپتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.
شۈبھىسىزكى، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تەكبىر، تەھلىل، تەسبىھ ۋە دۇئادىنمۇ ئەۋزەل ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ‹قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ماڭا زىكىر ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

مەنـدىن ھـاجىتىنى سـورالمىغان بەنـدەمگە، سـورىغانلارغا بەرگىنىمـدىنمۇ ياخـشىراقىنى بېرىمەن» دېدى. ئاللاھنىڭ كـالامى بولغـان قۇرئـان كەرىمنـىڭ باشـقا سـۆزلەردىن ئۈلـۈغلىقى، خـۇددى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن ئۈلۈغلىقىغا ئوخشاشتۇر»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قۇرئان كەرىمنى ئاڭلاشمۇ كاتتا ئىبادەتلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، قۇرئان ئوقۇلغان چاغدا، ئۇنى دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار ۋە(سۆز قىلماستىن) جىم تۇرۇڭلار»[1].

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 204- ئايەت.

قۇرئـــان كەرىـم بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلىش ياخشى ئەمەللەرگە ياتىـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشـــــــــــــۇمدىن قورقىدىغانلارغا قۇرئان بىلەن ۋەز-نەسىھەت قىلغىن»[1].

قۇرئـاننى ئوقـۇش، يـادلاش،

---

(1) قاف سۈرىسى 45- ئايەت.

مەنىسىنى چۈشىنىش، ئۇنى
باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە ئۇنىڭ
ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش ھەم ئەمەل
قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار
ئىنسانلارنىڭ ئەڭ سائادەتمەنلىرى
ۋە ئەڭ سەرخىللىرىدۇر. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:
«سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار

قۇرئـــانني ئـــۆگەنگەن ۋە ئـــۆگەتكەنلەردۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

پەيغەمـــبەر ئەلەيھىســـسالام مۇسـۇلمانلارنى قۇرئـان ئۆقۇشنى ئۆگىنىشكە تەشـەببۇس قىلـپ مۇنـداق دېـگەن: «قۇرئـــاننى ماھىرلىق بىلەن ئوقۇيدىغان ئادەم

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. كۆكۈل قويىسمۇ ئۇنى تەسلىكتە قىينىلىپ ئوقۇغان كىشىگە ئىككى ھەسسە ئارتۇق ساۋاب بېرىلىدۇ»[1].

قۇرئان ئوقۇغاندا كۆز يېشى قىلىشنىڭ پەزىلىتى چوڭدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دېگەن: «ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان غەمكىنلىك بىلەن چۈشتى، ئۇنى ئوقۇغىنىڭلاردا يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇڭلار، ئەگەر يىغا كەلمىسە، ئۆزئارا يىغلىشىڭلار. ئۇنى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇڭلار. كىمكى قۇرئاننى چىرايلىق ئاھاڭدا ئوقۇمايدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[1].

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالا پەرزەنتلىرىگە قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشنى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىشنى ئۆگەتكەن ئاتا- ئانىلارنىڭمۇ مۇكاپاتلىرىنى تولۇق بەرگۈچىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە ئىش كۆرىدىكەن، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىدە ئۇنىڭ ئاتا-

ئانىسىنىڭ بېشىغا قۇياشنىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرلۇق تاجنى كىيگۈزىدۇ»[1].

## قۇرئان ئوقۇشنىڭ ئەدەپلىرى

1. قۇرئاننى تاھارەت بىلەن ئوقۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئاننى كەرىمدە: «شەك- شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۇلۇغ قۇرئاندۇر. لەۋھۇلمەھپۇزدا

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ساقلانغاندۇر. ئۇنى پەقەت پاك بولغانلارلا تۇتىدۇ»[1] دەيدۇ.

2. قۇرئان ئوقۇشتىن بۇرۇن أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ دەپ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسە قىلىشىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەش. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «سەن قۇرئان

---

(1) ۋاقىئە سۈرىسى 77- 79- ئايەتلەر.

ئوقۇماقچى بولغىنىڭدا، قوغلاندى شەيتانىنىڭ (ۋەسۋەسىسىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن»[1].

3. قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاننى

---

(1) نەھل سۈرىسى 98- ئايەت.

چىرايلىق ئاۋازدا ئوقۇڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا بىرەر نەرسىگە قۇرئاننى يۇقىرى ئاۋازدا چىرايلىق ئاهاڭ بىلەن ئوقۇغان پەيغەمبەرگە قۇلاق سالغىنىدەك قۇلاق سالغان ئەمەس»[2].

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم

4. قۇرئاننىڭ مەنىسىنى بىلمىسمۇ، ئاللاھ ماڭا سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن ئېتىقادتا تۇرۇپ، ئىخلاس بىلەن ئوقۇش. ئاللاھ تائالا ھەر قانداق بىر ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس

رىۋايىتى.

قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى»[1].

5. قۇرئان ئوقۇشنى مەئىشەتنىڭ كەسىپگە ئايلاندۇرۇۋالماسلىق. پەقەت ئاخىرەتلىك ساۋابنى كۆزلەپ ئوقۇش. ئاللاھ تائالا قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى

(1) بەييىنە سۈرىسى 5- ئايەت.

(قلغان ئەمەلى بلەن) ئاخرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق»[1].

---

(1) شۇرا سۈرىسى 20- ئايەت.

6. قۇرئـاننى قۇرئـان ئوقـۇش قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ، ئوچۇق ئوقـۇش. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئاننى تەرتـىل بىلـەن (يەنـى دانە- دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن»[1].

## قۇرئان يادلاشنىڭ پەزىلىتى

## قـارىيلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ

---

(1) مۇززەممىل سۈرىسى 4- ئايەت.

شەرەپلىك كىشىلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن يېقىن كىشىلىرى بار، قارىيلار ئاللاھنىڭ يېقىنلىرى ۋە ئالاھىدە بەندىلىرىدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانلاردىن

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ياشانغانلارنى، قاريېلارنى ۋە ئادالەتلىك ئىش باشقۇرغۇچىلارنى ھۆرمەتلەش ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قارىي جەننەتكە كىرسە، ئۇنىڭغا قۇرئاننى دۇنيادىكى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

چىقىشىدا ئۇقۇغىنىشىدەك ئۇقۇغىن ۋە يۇقىرى ئۆرلە، سېنىڭ قارارگاھىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئايەتنى ئوقۇپ تۈگەتكەن جايىڭدۇر، دېيىلىدۇ»[1].

بۇ ھەدىس، قۇرئان يادلىغان كىشىنىڭ يادلىغان ھەر بىر ئايىتىگە ئاخىرەتتە بىر دەرىجە

---

(1) ئەبۇداۋۇد، تىرمىزى، نەسائى رىۋايىتى.

قازىنىپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى يادىلىغان ئايەتلىرىنىڭ سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قارىيلار ئاللاھ تائالانىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ نەزەرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەردۇر. ئىسلام ئۈممىتى قارىيلارنى تارىختىن بويان شۇنداق ھۆرمەتلەپ كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «نامازدا قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان كىشى ئىمام بولسۇن»[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى: «قارىيلار قېرى- ياش ھەممىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆھبەتداشلىرى ۋە

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

كىڭەش ئەزالىرى ئىدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئىچىدە قۇرئاندىن ھېچنەرسە بولمىغان ئادەم خۇددى خاراب بولغان ئۆيگە ئوخشايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

## فاتىھە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئەبۇسەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەن ساڭا مەسجىدتىن چىقىشتىن بۇرۇن قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر سۈرىنى ئۆگىتىپ قويايمۇ؟» دەپ قولۇمنى تۇتتى. بىز مەسجىدتىن چىقماقچى بولغىنىمىزدا، مەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىز ماڭا قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ سۈرىنى ئۆگىتىپ

قويمەن دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟» دېۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام: «ئۇ ‹ئەلهەمدۇ لىللاهى رەببىل ئالەمىين› دۇر، بۇ سۈرە تەكرار ئوقۇلىدىغان يەتتە ئايەتتۇر ۋە ماڭا بېرىلگەن قۇرئاندۇر»[1] دېدى.

## بەقەرە سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆيلىرىڭلارنى قەبرىستانغا ئوخشاش قىلىۋالماستىن، قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇڭلار. شەيتان بەقەرە سۈرىسى ئوقۇلغان ئۆيىنىڭ ئەھلىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «قىيامەت كۈنى دۇنيادا قۇرئان ئوقۇغان ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىلەر كەلتۈرۈلىدۇ. ئالدى بىلەن بەقەرە سۈرىسى بىلەن ئال ئىمران سۈرىسى ئۆز ئىگىلىرىنى ئاقلىغان ھالدا كېلىدۇ»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاخشىمى ياتار ۋاقتىدا بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ شۇ كېچىدە (يامانلىقلار ۋە خېيىم خەتەرلەردىن ساقلىنىشى ئۈچۈن) بۇ ئىككى ئايەت كۇپايىدۇر»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئايەتۇلكۇرسىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئايەتۇلكۇرسىنى تەرىپلەپ: «قۇرئاندىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايەت- ئايەتۇلكۇرسى (يەنى ئاللاھۇ لائىلاھە ئىللا ھۇۋەل ھەييۇل قەييۇۇم...) دۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە
ئەبۇ ھۇرەيرىگە مۇنداق دەپ تەلىم
بەرگەن: «ئۇيقۇغا بارغىنىڭدا
ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇغىن. ئەگەر
شۇنداق قىلساڭ ئاللاھ تائالا
تەرىپىدىن ساڭا بىر پەرىشتە
ھەمراھ بولۇپ، خەتەرلەردىن سېنى
قوغدايدۇ ۋە تاڭ ئاتقۇچە ساڭا

شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ»[1].

ياسىن سۇرىسىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياسىن سۇرىسىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ياسىن قۇرئاننىڭ يۈرىكىدۇر. كىمكى ئۇنى ئاللاھ رازىلىقى ۋە ئاخىرەت ساۋابىنى كۆزلىگەن ھالدا ئوقۇيدىكەن،

---

(1) بۇخارىي رىۋايىتى.

ئـالله ئۇنـىڭ گۇنـاھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بۇ سۈرىنى ئۆلۈكلىرىڭلارغا ئوقۇڭلار»[1].

## كەھف سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەھف سۈرىسىنى تەرىپلەپ مۇنداق دېگەن: «جۈمە كۈنلۈكتە كەھف

---

(1) ئىمام ئەھمەد، ئەبۇداۋۇد ۋە نەسائىي رىۋايىتى.

سۈرىسىنى ئوقۇغان كىشىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىن بىر نۇر بىلەن كېلىدىغان جۇمە كۈنىگىچە يورۇتۇپ تۇرىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «كەھف سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئون ئايىتىنى ئوقۇغان

---

(1) نەسائىي رىۋايىتى.

كىشى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئامان بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## فەتھى سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئەي خەتتاب ئوغلى! ماڭا بۇ كېچە ئاللاھ تائالادىن بىر سۈرە چۈشتىكى، ئۇ مېنى قۇياشنىڭ

---

(1) نەسائىي رىۋايىتى.

تۇغقىنىدىنمۇ بەك سۆيۈندۈردى. ئۇ بولسا، ‹ئىننا فەتەھنا لەكە فەتھەن مۇبىينەن› دېدى»[1].

## مۇلك سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇرئاندا 30 ئايەتلىك بىر

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سۈرە بولۇپ، ئۇ ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بارلىق گۇناھلىرى تولۇق مەغپىرەت قىلىنغىچىلىك ھەمشە شاپائەتچى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ بولسا مۈلك (تەبارەكەللەزى بىيەدىھىل مۈلك) سۈرىسىدۇر»[1].

## ئىخلاس سۈرىسىنىڭ پەزىلىتى

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئىخلاس سۈرىسى (قۇلھۇۋەللاھۇ ئەھەد) قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ كېلىدۇ»[1]. يەنى، ئىخلاس

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سۈرىسىنى بىر قېتىم ئوقۇغان ئادەم قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئوقۇغاننىڭ، ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ئادەم قۇرئاننىڭ ھەممىنى تامام قىلغاننىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ.

## پەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «بۆگۈن كېچە ماڭا چۈشكەن ئايەتلەردىن خەۋەرىڭ يوقمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلمىگەن ئايەتلەردۇر. ئۇلار بولسا، فەلەق ۋە ناس (قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق ۋە قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىنناس) سۈرىلىرىدۇر»[1]. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەر ئاخشىمى يېتىشتىن بۇرۇن ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇيتتى، ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن جايلىرىنىڭ ھەممىنى سىلاپ چىقاتتى. سىلاشنى ئاۋۋال بېشىدىن، ئاندىن بەدىنىنىڭ ئالدى

تەرپىدىن باشلايتتى، ھەر بىر ئەزانى ئۈچ قېتىمدىن سىلاپ چىقاتتى»[1].

## ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى توغرىسىدا

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ: وَلِلّٰهِ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى فَادْعُوهُ بِهَا يەنى «ئاللاھ تائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بار، ئۇنى شۇلار بىلەن چاقىرىڭلار»[1] دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالانىڭ 99 ئىسمى شەرىپى باردۇر، ئۇلارنى چىن ئېتىقادى بىلەن ئوقۇغان ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ»[2].

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 180- ئايەت.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئـاللاھ تائالانـىڭ ئـىسىم-سۈپەتلىرىنى ئۇقۇش كاتتا ساۋابلىق ئەمەل بولغىنىدەك، بـۇ ئـىسىم-سـۈپەتلەرنى دۇئـالاردا ۋەسـىلە قىلىش دۇئانىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ چارىلىرىدىندۇر.

## ئىسمۇلئەزەمنىڭ بايانى

ئىسمۇلئەزەم- ئـاللاھ تائالانـىڭ ئەڭ ئۇلـۇغ ئـىسمى دېگەنلىكتـۇر. بۇرەيـدە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇدىن

رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنىڭ: اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنِّي اَشْهَدُ اَنَّكَ أَنْتَ اللّٰهُ لاَإِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ الأَحَدُ الصَّمَدُ الَّذِي لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُواً أَحَدٌ. يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى- كەرەمىڭنى تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ھەممە ساڭا مۇھتاج بولغان، پەرزەنتكە ۋە ئانىغا

مۇھتاج بولمىغان، ھېچكىم ساڭا تەڭداش بولمايدىغان يەككە-يېگانە ئىلاھسەن» دەپ دۇئا قىلغۇاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىسا بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم (ئاللاھنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ

ئىسمى) بىلەن دۇئا قىلدى»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىسمۇلئەزەمنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىسمۇلئەزەم مۇنۇ ئىككى ئايەتتە: بىرى، وَإِلَٰهُكُمْ إِلَٰهٌ وَاحِدٌ لَّا إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ الرَّحْمَٰنُ الرَّحِيمُ (سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر،

---

(1) تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، بەكمۇ مېھرىباندۇر)»[1]، يەنە بىرى، آلم. اَللّٰهُ لا إِلَـهَ إِلاَّ هُـوَ الْحَـيُّ الْقَيُّـومُ تەرجىمىسى: «ئەلىف، لام، مىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوقتۇر. ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 163- ئايەت.

تۇرغۇچىدۇر»[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، بىر ئادەم ناماز

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 1- 2- ئايەتلەر. ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان ھەدىس.

ئوقۇۋېتىپ اَللَهُمَّ اِنِّي اَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدُ لاَاِلَهَ اِلاَّ أَنْتَ اَلْحَنّاَنُ الْمَنّاَنُ بَدِيْعُ السَّماَوَاتِ وَالأَرْضِ، ياَذاَ الْجَلاَلِ وَالإِكْراَمِ، ياَ حَيُّ ياَ قَيّوُمُ اَسْلُكَ يەنى «ئى ئاللاھ! سېنىڭ پەزلى-كەرەمڭنى سورايمەن، ھەقىقەتەن پۈتۈن ھەمدۇسانالار ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن تولمۇ شەپقەتلىكسەن، ناھايىتى ئاتا-

ئېھسان قىلغۇچىسەن، ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان خالىقسەن، ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك ئىلاھىم! ئى ھەمىشە تىرىك بولغۇچى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى رەببىم! سەندىن (ھاجەتلىرىمنى) سورايمەن» دەپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ۋاقىتتا: «بۇ

ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نېمە سورىسا بېرىلىدىغان ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى»[1] دېدى.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن مەلۇمكى، ئىسمۇلئەزەم بىلەن قىلىنغان دۇئالار چوقۇم ئىجابەت بولىدۇ. بىراق ئىسمۇلئەزەم مەخسۇس بىرەر ئايەت

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ياكى بىرەر دۇئادىلا
ئېپادىلەنمەيدۇ. بەلكى
ئىسمۇلئەزەم ئاللاھ تائالاغا قول
كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغان ۋاقىتتىكى،
ئىختىيارسىز ئۇرغۇپ چىققان
ھېسسىيات ۋە تولۇپ تاشقان
ھاياجانلىق ھالەتتە ئېپادىلىنىدۇ.
بۇ ھالەتتىكى كىشى مەيلى قۇرئان
كەرىم ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن
دۇئالارنى قىلسۇن، مەيلى ئۆزى

خالغان دۇئالرىنى قىلسۇن، ئۇ ئىسمۇلئەزەم بىلەن دۇئا قىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستىكى «ئاللاھ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ بىلەن نىمە سورىسا بېرىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن قىلغان دۇئالار ئىجابەت بولىدىغان ئىسمۇلئەزەم بىلەن دۇئا قىلدى» دېگەن سۆزىدە مەزكۇر

ساھابىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي كەيپىياتى ۋە ھاياجانلىق ھالىتىنىمۇ كۆزدە تۇتقان بولىشى مۇمكىن.

خۇلاسە قىلغاندا، ھاياتلىقتا ئۇنى گۈللىنىشىنىڭ بىرى تېخى ئېچىلىپ بولمىغان، نارسىدە پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ھەممە ئىشلىرى ئۇنىڭغىلا قاراشلىق بولۇپ قالغان بىراۋنىڭ، ناھەق ئۆلۈمگە مەھكۇم

بولۇپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا،
قاتىلنىڭ پۈتلىرىغا يامىشىپ،
كۆزلىرىدىن بۇرانىدەك ياش
ئاققۇزغان ھالدا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ
ئەڭ ئاخىرقى نالە- پەريادلىرىنى
چاقىرغان ھالىتىگە ئوخشاش
ھالەتكە كېلىپ تۇرۇپ ئاللاھ
تائالاغا بارچە ئىخلاسى ۋە چىن
قەلبى بىلەن يالۋۇرغان ۋە ئۇنىڭدىن
ھاجەتلىرىنى سورىغان كىشىنىڭ

دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىدا
قىلچە شەك يوقتۇر. چۈنكى ئاللاھ
تائالا بەندىلىرىگە خۇددى ئانىنىڭ
بوۋىقىغا بولغان شەپقىتىدىنمۇ بەك
شەپقەتلىك ۋە تولىمۇ مېھرىباندۇر.
بۇ ھالەتتىكى كىشىنىڭ دۇئاسى
ئىسمۇلئەزەم بىلەن قىلىنغان دۇئا
دېيىلىشكە ئەڭ لايىقتۇر.

# ئۈچىنچى بۆلۈم: زىكرنىڭ خاسىيىتى

## زىكىر ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

زىكىر- لۇغەت ئېتىبارى بىلەن بىر نەرسىنى ئەسكە ئېلىش، ياد ئېتىش ۋە خاتىرىلەش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلىسە، شەرئەت ئىستېمالىدا زىكىر- ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش

دىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنى يىلنىغان ۋە ئۈنىڭدىن ئەيمەنگەن ھالدا ئىچىڭدە ياد ئەتكىن، ئەتىگەندە-ئاخشامدا ئۈنى پەس ئاۋازدا زىكىر قىلغىن، غاپىللاردىن بولمىغىن»[1]. زىكىر- تىل، دىل، ئىش-

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 205- ئايەت.

ھەرىكەت، مۇئامىلات ۋە ئېتىقاد بىلەن ئورۇندىلىدۇ.

1. تىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر– قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، دۇئا قىلىش، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا، تەكبىر، تەھلىل ۋە تەسبىھ ئېيتىش، شۇنداقلا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى، كەمچىلىكلەردىن پاك ئىكەنلىكىنى ۋە چەكسىز قۇدرىتىنى تىلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن

ئىپادىلەشتۇر. «ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار»[1].

بۇ ئايەتتىكى «ئاللاھنى ياد ئېتىڭلار» دېگەن بۇيرۇقتىن، تىل بىلەن زىكىر ئېيتىش كۆزدە

(1) بەقەرە سۈرىسى 198- ئايەت.

تۇتۇلىدۇ. چۈنكى ھەج پائالىيەتلىرى ئورۇندىلىدىغان مۇقەددەس جايلارنىڭ ھەممىسى دۇئا ۋە زىكىرلەرنى كۆپ قىلىشقا بۇيرۇلغان جايلاردۇر. بۇجايلاردىكى زىكىرلەر تىل بىلەن ئورۇندالغاندەك دىل بىلەنمۇ ئورۇندىلىدۇ.

2. دىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر– ئاللاھ تائالانىڭ ئەزىمەتى، كائىناتتىكى گۈزەل سەنئەتلىرى ۋە

ئاتا قىلغان نېمەتلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، ئاللاھ تائالانىڭ ئازابىدىن قورقۇش ۋە رەھمىتىدىن، ياردىمىدىن ئۈمىدۋار بولۇشتىن ئىبارەتتۇر.

دىل بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر مۇنۇ ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا،

ئەقىل ئىگىلىرى ئۇچۇن ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار. ئۇلار ئۆرە تۇرغاندىمۇ، ئولتۇرغاندىمۇ، ياتقاندىمۇ ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدۇ، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ»[1].

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 190- 191- ئايەتلەر.

3. ئىش- ھەرىكەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر- ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئورۇنلاش يۈزىسىدىن ناماز ئوقۇش، ھەج- ئۆمرە قىلىش، جىھاد قىلىش، ئاتا- ئانىنىڭ، ۋەتەننىڭ، دىنىنىڭ ۋە خەلقنىڭ خىزمىتىدە بولۇش، ياشانغانلارنىڭ، ئاجىزلارنىڭ كۆچى يەتمىگەن ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىش ۋە باشقىلار. ئىش- ھەرىكەت بىلەن

قىلىنىدىغان زىكىرنىڭ مەسىلىرى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ناھايىتى كۆپتۇر. قىسقىسى، بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىش- ھەرىكەت بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر دائىرىسىگە كىرىدۇ.

4. ئىقتىساد بىلەن ئورۇندىلىدىغان زىكىر- ئاللاھ

تائالانى ۋە ئۇنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان زاكاتنى ئادا قىلىش، يوقسۇللارغا ماددىي ياردەم قىلىش، يېتىملارنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە ئۇلارغا خەير- ساخاۋەت قىلىش، سەدىقە بېرىش ۋە باشقىلار.
«پەقەت ئاللاھ ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت

قىلنىسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل- مالدىن (ئاللاھ يولىدا) سەرپ قىلىدۇ»[1].

يۇقىرىقى ئايەتلەردە، كامىل

---

(1) ئەنفال سۈرىسى2- 3- ئايەتلەر.

مۆمىن كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ياد ئېتىلسە ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا، ئىمانى كۈچىيىپ، ئاللاھ بۇيرىغان نامازنى ۋە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولغانلىقتىن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە ئىقتىسادىي ياردەملەرنى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

5. مۇئـــاملات بـــلەن ئۇرۇندىلىدىغان زىكىر- ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ئەسكە ئالغان ھالدا، ئىلىم- سىيتمدا راستچىل بولۇش، ۋەدىگە ۋاپادار بولۇش، ئامانەتكە ئىشەنچلىك بولۇش، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىش ۋە باشقىلار. مۇئامىلات بىلەن ئۇرۇندىلىدىغان زىكىر تۆۋەندىكى ئايەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

«نامـاز ئوقۇلـۇپ بولغانـدا (يەنـى نامـازدىن پـارىغ بـولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنـى ئۆز مەشـغۇلاتىڭلار بـىلەن بولـۇڭلار)، ئاللاھنىڭ پەزلىدىن تەلەب قىلىڭلار، مەقـسـتىڭلارغا ئېرىـشىش ئۈچۈن ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىڭلار»[1].

يـۇقىرىقى ئـايەتتىكى «ئـاللاھـنىڭ

---

(1) جۇمۇئە سۈرىسى10- ئايەت.

پەزلىدىن تەلەپ قىلىنغانلار» دېگەن ئىبارە، ئىلىم- سېتىم ۋە باشقىمۇ تىرىكچىلىك مەشغۇلاتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئورۇندا تىل ياكى دىل بىلەن زىكىر ئېيتىش كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ئىلىم- سېتىم، ھۈنەر- كەسىپ ۋە باشقىمۇ تىرىكچىلىك ئىشلىرىدىكى ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە رىئايە قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يۇقىرىقى

ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن دەيمىزكى، سۇدا- سېتىق ئىشلىرىدا راستچىل ۋە ئادالەتلىك بولۇش، ھۆنەر- كەسىپلەردە ئىخلاسلىق بولۇش، شىركەت ياكى ھۆكۈمەت ئىش ئورۇنلىرىدا ۋەزىپىلىرىنى بىرىلىپ، قىېترقىنىپ ئادا قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان كىشىدىن سادىر بولسا زىكىرگە ياتىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ، ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىش، ئۇنىڭ ئاتا قىلغان سانسىز نېمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەلىي رەۋىشتە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئەۋزىلىدۇر.

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇش، دىنىنىڭ كۆرسەتمىسىدىن چەتنەپ كېتىش، خارلىق-

زەبۇنلۇقتا مەھكۇم بولۇش ۋە
باشقىلار تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلىش
قاتارلىق نۇرغۇنلىغان
بەختسىزلىكلەرگە گىرىپتار
بولۇشنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانى
ئۇنتۇپ كەتكەنلىكتىن بولىدۇ.
ئىسلام دىنى ئىنسانلار
جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل
نىزامىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئاللاھ
تائالا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ۋە

يېقىنلىقنى كۆچەيتكەندىلا ئۇنىڭ
دىيانىتى تولۇقلانغان بولىدۇ.
دىيانىتى تولۇقلانغان ئادەمنىڭ
دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بارلىق
ئىشلىرى نەتىجىلىك بولىدۇ.
زىكىر– كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ
چۈشەنگىنىدەك، كۆڭۈل بىلەن
ئەقىل غاپىل هالدا تىل بىلەنلا
ئورۇندىلىدىغان ئىبادەت ئەمەس.
زىكىرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تىل بىلەن

قەلب بىرلەشكەن زىكىردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى لَآ اِلَـهَ اِلَّا اللّٰهُ- لائىلاھە ئىللەللاھتۇر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ كەلىمە ئىسلام دىنىنىڭ شوئارى، جەننەتنىڭ ئاچقۇچىسى ۋە مۇسۇلمانلىقنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ كەلىمىنى تىل بىلەن ئوقۇپ دىل بىلەن ئۇنىڭ مەنىسىنى تەستىق

قىلغانىدىلا بۇ كەلىمە ئۆز ئېپادىسىنى تاپقانىدەك، زىكىرمۇ تىل ۋە دىل ھەر ئىككىسىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەنىلا ئەڭ ياخشى ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

## زىكىرنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنىداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنى كۆپ ياد قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئەتىگەن- ئاخشامدا تەسبىھ

ئېيتقىلار»[1].

قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالاغا زىكىر ئېيتىشنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى41-ئايەت.

تەييارلىدى»[1].

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە: «سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ياخشى سانىلىدىغان، مەرتىۋەڭلەرنى ئەڭ يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئاللاھ يولىدا

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 35- ئايەت.

ئـالتۇن- كۈمـۈش سـەرپ قىلغانـدىنمۇ، دۈشـمىنگىلار بىلەن نەق مەيـدان ئېلىـشىپ جىهـاد قىلغانـدىنمۇ ياخشى سـانىلىدىغان ئەمەلنـى ئېيتـىپ بېرەيمـۇ؟» دېيۈدى، ساھابىلار ئـۇ قايىسى ئى رەسـۇلۇللاھ؟ دەپ سوراشتى، بـۇ ۋاقىتتـا پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام

ئۇلارغا: «ئاللاھ تائالانى كۆپ ياد قىلىش»[1] دەپ جاۋاب بەردى.

ھەقىقەتەنمۇ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ ئەڭ ياخشى ھالىتى ئۇنىڭ ئاللاھ تائالانى ياد قىلىش بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان چاغلىرىدىكى ھالىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بىلەن مەنىۋى مۇلاقاتتا بولغان ۋە ئۇنىڭغا

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

مۇناجات قىلغان ۋاقىتتىكى ھۇزۇر-ھالاۋەتنىڭ لەززىتىنى پەقەت تېتىغانلار بىلىدۇ.

## زىكىرنىڭ ئەدەبلىرى

زىكىرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەدەبلىرى- ھەرقانداق بىر ئىبادەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان، ھەتتا ئۇنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن شەرت قىلىنغان نىيەت، ئىخلاس، مۇھەببەت، كەمتەرلىك ۋە

باشقىلاردۇر. زىكرنىڭ باشقىمۇ ئەدەبلىرى بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. زىكرنى ئاۋاز چىقارماستىن ئىچىدە ئېيتىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى سەپەر ئۈستىدە ئاۋازلىرنى كۆتىرىپ زىكىر ئېيتىۋاتقان كىشىلەرگە خىتاب قىلىپ، «ئەي ئىنسانلار! ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋېلىڭلار، ئەلۋەتتە سىلەر

قۇلقى ئېغىر ياكى سىلەردىن يىراقتىكى بىرىنى چاقىرىۋاتمايسىلەر. سىلەر مۇناجات قىلىۋاتقان زات- سىلەرگە ئەڭ يېقىن ۋە ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى زاتتۇر. ئۇ سىلەر ئۇستىگە مىنىپ كېتىۋاتقان ئۇلاقلىرىڭلاردىنمۇ بەك يېقىندۇر»[1] دېگەندى.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

2. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغانلارغا ئۇلۇغلۇقىنى ئىزھار قىلغانلىق تۈپەيلى، ئۇلار ئۇنى كۆپ ياد ئېتىدۇ

2. ئاللاھ تائالانى زىكىر قىلغاندا ئوقۇلغـان تەسبىھ، تەھلىل ۋە تەكبىرلەرنى ئىمكان قەدەر ساناپ ئوقۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ تائالانى پارچە ئۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاك دەپ مەدھىيىلەڭلار، ئۇنى كۆپ ياد قىلىڭلار ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاڭلار. سىلەر زىكىردىن غاپىل بولماڭلار. زىكىردىن غاپىل قالساڭلار مېھىر-

شەپقەت قىلسىنى ئۈنتۇپ كېتىسلەر. ئۇقۇغانلىرىڭلارنى بارماقلىرىڭلار بىلەن ساناپ ئوقۇڭلار، بارماقلىرىڭلار قىيامەت كۈنىدە سىلەرگە گۇۋاھچى بولىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## زىكرنى تەرك ئېتىشنىڭ

---

(1) ھاكىم، تىرمىزى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

## گۇناھى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «مېنى تائەت- ئىبادەتلەر ۋە زىكىر- تەسبىھلەر بىلەن ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ئەمەلىڭلارغا ساۋاب بېرىش ۋە گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكۈر قىلىڭلار،

ناشۇكۇرلۇك قىلماسلىقلار»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىشتىن خالى بولۇش ئۇنىڭغا ۋە ئۇ ئاتا قىلغان نېمەتلەرگە ناشۇكۇرلۇك قىلغانلىق بولىدۇ. ناشۇكۇرلۇك ئەڭ ئېغىر گۇناھ بولۇپ، ئۇ قۇرئاننىڭ تەبىرى بىلەن نېمەتكە كۇپۇرلۇق دېيىلىدۇ.

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 152- ئايەت.

تەبئىيكى، ئاللاھ تائالانىڭ
نەزەرىدە ئەڭ ئېغىر سانالغان
گۇناھلارلا كۆپۈرلۈق دەپ
سۈپەتلىنىدۇ. پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:
«ئاللاھ تائالانى ياد ئېتىپ
تۇرىدىغان ئادەم تىرىككە، ئۇنى ياد
قىلمايدىغان ئادەم ئۆلۈككە

ئوخشاشتۇر»[1] دەپ كۆرسەتكەن. دېمەك ئاللاھ تائالانى ياد ئەتمىگەن ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇپ كەتكەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە ئۆلۈكلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا مۇنداق

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

دەيدۇ: بەندەم مېنى ئۆزىگە قارىتا قانداق ئويلىسا، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق بولىمەن، ئۇ مېنى ياد ئەتسە مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مەخپىي زىكىر ئېيتسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا مەخپىي ساۋاب بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا جامائەت بار جايدا زىكىر ئېيتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇ جامائەتتىنمۇ ياخشىراق جامائەت

بار جايدا ساۋاب بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر غېرىچ يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر گەز يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا بىر گەز يېقىنلاشسا، مەن ئۇنىڭغا بىر غۇلاچ يېقىنلىشىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا مېڭىپ كەلسە، مەن ئۇنىڭغا يۈگۈرۈپ كېلىمەن»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

## بەزى ئىستىلاھلارنىڭ تونۇشتۇرۇلۇشى

تەسبىھـ ئاللاھ تائالانى بارچە نۇقسانلاردىن ۋە كەمچىلىكلەردىن ئەلـۋەتتە پـاك دەپ تەرىپلەش دېمەكتۇر. مەسىلەن: سُبْحَانَ اَللّٰهِ- سۇبھانەللاھ يەنى» ئاللاھ تائالا پاكتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

تەكبىر- ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش دېمەكتۇر. مەسىلەن: اَللّٰهُ أَكْبَرْ-

ئاللاھۇ ئەكبەر يەنى «ئاللاھ تائالا ئەڭ بۈيۈكتۇر» دەپ تەكبىر ئېيتقانغا ئوخشاش.

ھەمدۇ سانا- ئاللاھ تائالانى مەدھىيەلەش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىش دېمەكتۇر. مەسىلەن: اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ- ئەلھەمدۇ لىللاھ يەنى «بارچە مەدھىيە ۋە ماختاشلار ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر قىلىمەن» دېگەنگە

ئوخشاش. ھەمدۇ سانا «تەشەككۇر» ۋە «رەھمەت»تىن چوڭدۇر. چۈنكى تەشەككۇر ۋە رەھمەت بىراۋنىڭ مەلۇم ياخشىلىقى بەدىلىگە ئېيتىلىدىغان بۇرچ بولسا، ھەمدۇ سانا ئاللاھ تائالاغا ھەر زامان ۋە ھەر جايدا ئېيتىلىدىغان ئۇلۇغۋار بۇرچتۇر. شۇنداقلا ھەمدۇ سانا «شۈكۈر»دىن چوڭدۇر. چۈنكى شۈكۈر ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە

مەلۇم بولغان ئىنئاملىرى بەدىلىگە
ئېيتىلىدىغان رەھمەت سۆزى بولسا،
ھەمدۇ سانا ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە
بىلىنگەن ۋە بىلىنمىگەن جىمى
ئىنئاملىرى ۋە ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن
ئېيتىلىدىغان ئۇلۇغ-ۋار ۋاپا
بۇرچىدۇر.
تەھلىل- ئاللاھ تائالانىڭ
يالغۇزلىقىنى ۋە شېرىكى يوقلىقىنى
ئىقرار بىلەن جاكارلاش دېمەكتۇر.

مەسلەن: لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ- «لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھدەھۇ لا شەرىكە لەھۇ» يەنى » ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر» دېگەنگە ئوخشاش.

ھەۋقەلە- كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەبىرلەش جۈملىسىنىڭ

قسقارتىلمىسدۇر. مەسلەن: لَاحَوْلَ وَلاَ قُــوَّةَ إِلاَّ بِاللَّـــهِ- «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ»يەنى «ئالل‍اھ تائالانىــڭ يــاردىمى بولمــسا، قــولمىزدىن ھــېچ ئــىش كەلمەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش.

ئىستىغفار- گۇناھىغا تەۋبە قىلىش ۋە ئــالل‍اھتىن كەچــۈرۈم ســوراش دېمەكتۇر. مەسلەن: أَسْتَغْفِرُاللّٰهَ وَأَتُوبُ اِلَيْهِ- «ئەستەغفىرۇللاھە ۋە ئەتۇبۇ

ئىلەيە» يەنى «ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن» دېگەنگە ئوخشاش.

ئاللاھ تائالا غا تەسبىھ،
تەكبىر ۋە ھەمدۇ سانا
ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: وَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ قَبْلَ طُلُوعِ الشَّمْسِ وَقَبْلَ الْغُرُوبِ. تەرجىمىسى: «كۈن چىقىشتىن

ئۆلگىرى ۋە كۆن پېتىشتىن ئۆلگىرى پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدۇ سانا ئېيتقىن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى كۈندە يۈز قېتىم سُبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْدِهِ يەنى «ئاللاھ تائالا بارچە نۇقسانلاردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا

(1) قاف سۈرىسى 39- ئايەت.

خاستۇر» دەيدىكەن، ئۇنىڭ دىڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھلىرى بولسىمۇ بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «تىلغا يېنىك مىزاندا سالماق كېلىدىغان ۋە ئاللاھ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تائالاغا ئەڭ يېقىملىق ئىككى كەلىمە بار، ئۇلار: سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَ اللّٰهِ العظِيْمِ يەنى «ئاللاھ تائالا بارچە كەمچىلىكلەردىن ئەلۋەتتە پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇلۇغ ئاللاھ جىمى نۇقسانلاردىن پاكتۇر»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: كىمكى لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ نى ئون قېتىم ئوقۇيدىكەن، ئۇ ئىسمائىل ئوغۇللىرىدىن تۆت كىشىنى قۇللۇقتىن ئازات قىلغانغا ئوخشاش

---

رىۋايىتى.

ساۋاپ تاپىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالاغا ئەڭ يېقىملىق كەلىمە تۆتتۇر، ئۇلارنىڭ قايسىسىنى ئاۋۋال باشلاپ ئوقۇساڭ بولىۋېرىدۇ، ئۇلار: سُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ، وَاللهُ أَكْبَرُ يەنى «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ساڭا جەننەتنىڭ خەزىنىلىرىدىن بولغان بىر سۆزنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ: لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إلاَّ بِاللَّهِ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇر»[1] دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدىكى بىرەر كىشى لاَ إِلهَ إِلاَّ اللهُ، واللهُ أَكْبَرُ، وَسُبْحَانَ اللهِ، وَالْحَمْدُ للهِ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ دەيدىكەن، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ھەممىسى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

يوقۇقا چىقىرىلىدۇ»[1].

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

# تۆتىنچى بۆلۈم: ئىستىغفار ۋە تەۋبىنىڭ ئەھمىيىتى

ئىستىغفار ـ ئاللاھ تائالادىن گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراش دېگەنلىك.

تەۋبە ـ سادىر قىلىنغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىپ، قايتا گۇناھ قىلماسلىققا بەل باغلاپ، توغرىلىققا قايتىش دېمەكتۇر.

قۇرئان كەرىم بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىڭلار، ئۈمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ»[1].

---

(1) تەھرىم سۈرىسى 8- ئايەتنىڭ بىر

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىستىغفارنىڭ پەزىلىتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئىستىغفار ئېيتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ئادەم ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن چىقىش يولى ۋە ھەرقانداق غەم- قايغۇدىن خۇشاللىق يارىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا

---

قىسمى.

كۆتۈلمىگەن يەردىن رىزىق بېرىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋبىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئەي ئىنسانلار! ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىڭلار، مەن ھەر كۈنى ئاللاھ تائالاغا 70 قېتىمدىن كۆپرەك ئىستىغفار

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئىبىتمەن ۋە كەمچىلىكلىرىمگە تەۋبە قىلىمەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «سەييىدۇلئىستىغفار (ئىستىغفارنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى) شۇكى، اللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ،

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق مەندىن ئالغان)

ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى

يوقتۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام تەۋبىنىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا كېچىدە كۈندۈزلىرى گۇناھ سادىر قىلغانلارنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، كۈندۈزدە كېچىلىرى گۇناھ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئىشلىگەنلەرنىڭ تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن قولىنى سوزۇپ تۇرىدۇ، ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە شۇنداق قىلىدۇ»[1].

## تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

تەۋبىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن بەزى شەرتلەر بار. ئىنسانلار

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرپىدىن سادىر قىلىنغان گۇناھ ۋە قىلمىشلار يا ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن بولىدۇ، ياكى مەخلۇقاتلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ «قۇل» ۋە «قۇلما» دېگەن ئەمر- پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش ئۇنىڭ ئىنسانلار ئۈستىدىكى ھەقلىرىدۇر. بۇلارنى بەجا كەلتۈرۈش ئىنسانلارنىڭ

بۇرچىدۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا
ئىنسانلارنى گۈزەل سۈرەتتە
يارىتىپ، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ
خوجايىنى قىلدى، ئۇلارنى ئەڭ
ھۆرمەتلىك قىلدى، ئۇلارغا تۈرلۈك
سان- ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا
قىلدى، باشقا مەخلۇقاتلارنى
ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
يارىتىپ بەردى. ئەھۋال بۇنداق
ئىكەن، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلار

ئۆستىدىكى ھەقلىرى كۆپتۇر. بۇنىڭ ئۆچۈن ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر- پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئۇنىڭ ھەققىگە قارشى قىلمىش سادىر قىلغان بولىدۇ. مەخلۇقاتلارنىڭ، خۇسۇسەن ئىنسانلارنىڭ ھەققى ئىنسانلار تەرىپىدىن زىيان- زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىلماسلىقىدۇر. ئىنسانلارنى زىيان- زەخمەتلەرگە ئۇچرىتىش،

ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەقلىرىنى يەۋېلىش ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن گۇناھ- مەسىيەتلەرنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ شەرت بار، ئۇلار:

1. قىلغان گۇناھ- مەسىيەتلەر

ئۆچۈن پۇشايمانلىق ھېس قىلىش.

2 . بۇرۇن قىلغان گۇناھ- مەسىيەتلەرنى قايتا قىلماسلىققا چىن ئىرادە باغلاش.

3. گۇناھ- مەسىيەتلەردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

ئەمما ئىنسانلارنىڭ ھەققىگە قارشى ئىشلەنگەن قىلمىشلار ۋە يامانلىقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۈچ

شەرت بىلەن بىرگە، ھەق ئىگىسىنى رازى قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىلدىكى ھەق ئاللاھ تائالانىڭ ھەققى بولماستىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھەقلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىلمىشكارلىرنى ئۆزلىرى كەچۈرمىگىچە ئاللاھ تائالا كەچۈرمەيدۇ ۋە تەۋبىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادالىتىدۇر.

# ئىستىغفار رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىنىڭ ئامىلىدۇر

ئاللاھ تائالاغا ئىستىغفار ئېيتىپ، گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش كەڭ رىزىق، مول بەخت ۋە قىيىنچىلىقلاردىن خالاس بولۇشىنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە تەلىم بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلارغا)

ئبيتتتم: پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ، سىلەرگە باغلارنى، ئۆستەڭلەرنى ئاتا قىلىدۇ»[1].

---

(1) نۇھ سۈرىسى 10- 12- ئايەتلەر.

ئــاللاھ تائـــالا يەنە داۋۇد ئەلەيھسسالامنىڭ تىلىدىن ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگــارىڭلاردىن مەغپىــرەت تىلەڭــلار، ئانــدىن ئۇنىڭغــا تەۋبە قىلىڭــلار، سىــلەرگە ئۇ كــۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كــۈچ- قــۇۋۋەت بېرىــدۇ، سىــلەر

گۇناھقا چۈمگەن ھالدا(مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەكچىلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىشنىڭ پەزىلىتى

دۇرۇد– پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسلام ئىستىلاھىدىكى مەنىسى: ئاللاھ تائالادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(1) ھۇد سۈرىسى 52- ئايەت.

شەنىنى ئۇستۈن، دەرىجىسىنى يۇقىرى ۋە نام- نىشانىسىنى مەڭگۈ قىلىشنى تىلەش دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: إِنَّ اللَّهَ وَمَلَائِكَتَهُ يُصَلُّونَ عَلَى النَّبِيِّ يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا صَلُّوا عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا تَسْلِيمًا

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن

ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ تائالا ئون

---

(1) ئەھزاب سۈرىسى 56- ئايەت.

ھەسسە ساۋاب ئاتا قىلىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ قەبرەمنى بايرام مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋالماڭلار، ماڭا دۇرۇد ئېيتىڭلار، سىلەر قانداقلا جايدا بولماڭلار، ئېيتقان دۇرۇدلىرىڭلار

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ماڭا يېتىدۇ»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ئاللاھ تائالانىڭ يەر يۈزىدە كېزىپ يۈرىدىغان پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ماڭا ئۈممىتىمنىڭ دۇرۇد ۋە سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ»[2] دېگەن.

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.
(2) ھاكىم ۋە نەسائى رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن تىلغا ئېلىنغان چاغدا ماڭا دۇرۇد ئېيتمىغان ئادەم بېخىل ئادەمدۇر»[1].

ئەڭ ئەۋزەل دۇرۇد قايسى؟

ئەبۇ مەسئۇد ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلىنىدۇكى، بەشىر ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ‹يا رەسۇلەللاھ! ئاللاھ تائالا بىزنى سىزگە دۇرۇد ئېيتىشقا بۇيرىدى، بىز سىزگە قانداق دۇرۇد ئېيتساق ئەۋزەل بولىدۇ؟› دەپ سورىۋىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز سۈكۈت قىلغاندىن كېيىن، بىزگە

تەلىم بېرىپ، «سىلەر:

اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ. اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيدٌ نى ئوقۇڭلار» دېدى».

# بەشىنچى بۆلۈم: قۇرئاندىن

# ئاللانىڭ دۇئالار

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.**

ٱلْحَمْدُ للَّـهِ رَبِّ ٱلْعَـالَمِيْنَ. ٱلرَّحْمَـٰنِ ٱلرَّحِيْمِ. مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّيْنِ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وإِيَّاكَ نَسْتَعِيْنُ. ٱهْدِنَا ٱلصِّرَاطَ ٱلْمُسْتَقِيْمَ. صِرَاطَ ٱلَّـذِينَ أَنْعَمْـتَ عَلَيْهِمْ غَيْـرِ ٱلْمَغْضُوبِ

عَلَيْهِمْ وَلاَ ٱلضَّآلِّينَ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم سورايمىز. بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىبىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ

يولىغا ئەمەس، سەن ئۈنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن» ئامىن.

## ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا ظَلَمْنَآ أَنفُسَنَا وَإِنْ لَمْ تَغْفِرْ لَنَا وَتَرْحَمْنَا لَنَكُونَنَّ مِنَ ٱلْخَاسِرِيْنَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، بىزنى كەچۈرمىسەڭ بىز

ئەلـۋەتتە زىيـان تـارتقۇچىلاردىن بولىمىز»[1].

## نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ إِنِّيَ أَعُوذُ بِكَ أَنْ أَسْأَلَكَ مَا لَيْسَ لِي بِهِ عِلْمٌ وَإِلاَّ تَغْفِرْ لِي وَتَرْحَمْنِيَ أَكُن مِّنَ ٱلْخَاسِرِينَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم!

---

(1) ئەئراف سۈرىسى 23- ئايەت.

مەن بلمىگەن نەرسىنى سوراشتىن سېنىڭ پاناھىڭغا سىغىنىمەن، ئەگەر ماڭا مەغپىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن»[1].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ

---

(1) ھۇد سۈرىسى 47- ئايەت.

ٱلْعَلِيمُ. رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن

قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»[1].

---

(1) بەقەر سۈرىسى 127- 128-

رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلاةِ وَمِن ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ. رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن! ھېساب ئالىدىغان

---

ئايەتلەر.

كۈندە(يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتــا- ئانامغــا ۋە مــۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»[1] .

رَبِّ هَــبْ لِــي حُكْمــاً وَأَلْحِقْنِــي بِالصَّالِحِيْنَ. وَاجْعَل لِّي لِسَانَ صِدْقٍ فِي الآخِرِيْنَ وَاجْعَلْنِي مِنْ وَرَثَةِ جَنَّةِ النَّعِيْمِ .

تەرجىمىــسى: «پەرۋەردىگــارىم! ماڭا ئىلىم ھېكمەت ئاتا قىلغىن،

---

(1) ئىبراھىيم 40- 41- ئايەت.

مېنى ياخشىلارغا قوشقىن. كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى نامىمنى قالدۇرغىن. مېنى نازۇ نېمەتلىك جەننەتنىڭ ۋارىسلىرىدىن قىلغىن»[1].

رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ . رَبَّنَا لاَتَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلَّذِينَ كَفَرُوا وَاغْفِرْ لَنَا رَبَّنَا إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ.

---

(1) شۇئەرا سۈرىسى83- 85- ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز ساڭا تەۋەككۇل قىلدۇق، ساڭا قايتتۇق، ئاخىر قايتىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. پەرۋەردىگارىمىز! كاپىرلارنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن (ئۇلار بىزگە مۇسەللەت بولۇپ، بىزنى كۆتۈرگىلى بولمايدىغان ئازاب بىلەن دىنىمىزدىن چىقارمىسۇن)،

پەرۋەردىگارىمىز، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»[1].

## مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَبِّ ٱشْرَحْ لِي صَدْرِي. وَيَسِّرْ لِيٓ أَمْرِي. وَٱحْلُلْ عُقْدَةً مِّن لِّسَانِي. يَفْقَهُوا۟

---

(1) مۇمتەھىنە 4- 5- ئايەتلەر.

قَوْلِي.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، (يەنى ئىمان بىلەن ۋە پەيغەمبەرلىك بىلەن نۇرلاندۇرغىن) تىلىمدىن كېكەچلىكنى كۆتۈرىۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن»[1].

رَبِّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْ لِي.

---

(1) تاھا سۈرىسى 25- 28- ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مەن ھەقىقەتەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلدىم. ماڭا مەغپىرەت قىلغىن»[1].

ئەسھابۇلكەھفنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَآ آتِنَا مِنْ لَّدُنكَ رَحْمَةً وَهَيِّىءْ لَنَا مِنْ أَمْرِنَا رَشَداً.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا

---

(1) سۈرە قەسەس 16- ئايەت.

قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تـوغرىلاپ، بىزنـى ھىـدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن»[1].

## ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

أَنِّي مَسَّنِيَ ٱلضُّرُّ وَأَنتَ أَرْحَمُ ٱلرَّاحِمِينَ.

تەرجىمىسى: «(پەرۋەردىگارىم!) بېشىمغا دەرت كەلدى، سەن ئەڭ

---

(1) كەھف سۈرىسى 10- ئايەت.

مەرھەمەتلىكسەن»[1].

سۇلەيمان ئەلەيھسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَدْخِلْنِي بِرَحْمَتِكَ فِي عِبَادِكَ الصَّالِحِيْنَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم!

---

(1) ئەنبىيا سۇرىسى83- ئايەت.

سەن مېنى ماڭا ۋە ئاتا- ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن»[1].

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ

---

(1) نەمل سۈرىسى19- ئايەت.

لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنتُ مِنَ الظَّالِمِيْنَ

**تەرجىمىسى: «(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، سېنى (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تەرىپلەيمەن، مەن ئۆز-ئۆزۈمگە ھەقسىزلىق قىلغۇچىلاردىن بولدۇم»[1].**

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى87-ئايەت.

## زەكەرىيا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

رَبِّ لاَتَذَرْنِي فَرْداً وَأَنتَ خَيْرُ الْوَارِثِيْنَ.

**تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى(ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن».[1]**

## پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇرتاق

---

(1) ئەنبىيا سۈرىسى89- ئايەت.

## دۇئاسى

قُلِ اللَّهُمَّ مَالِكَ الْمُلْكِ تُؤْتِي الْمُلْكَ مَن تَشَاءُ وَتَنزِعُ الْمُلْكَ مِمَّن تَشَاءُ وَتُعِزُّ مَن تَشَاءُ وَتُذِلُّ مَن تَشَاءُ. بِيَدِكَ الْخَيْرُ إِنَّكَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. تُولِجُ اللَّيْلَ فِي النَّهَارِ وَتُولِجُ النَّهَارَ فِي اللَّيْلِ وَتُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَتُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ وَتَرْزُقُ مَن تَشَاءُ بِغَيْرِ حِسَابٍ.

**تەرجىمىسى: «ئېيتقىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ئى**

ئى ئاللاھ! خالىغان ئادەمگە پادىشاھلىقنى بېرىسەن، خالىغان ئادەمدىن پادىشاھلىقنى تارتىپ ئالىسەن؛ خالىغان ئادەمنى ئەزىز قىلىسەن، خالىغان ئادەمنى خار قىلىسەن؛ ھەممە ياخشىلىق سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. سەن ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىرسەن. كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىسەن، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىسەن؛ جانلىقنى

جانسىزدىن چىقىرىسەن، جانسىزنى جانلىقتىن چىقىرىسەن؛ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ھېسابسىز رىزىق بېرىسەن»[1].

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئالىرى

رَّبِّ أَدْخِلْنِي مُدْخَلَ صِدْقٍ وَأَخْرِجْنِي

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 26- 27- ئايەتلەر.

مُخْرَجَ صِدْقٍ وَاجْعَلْ لِّي مِن لَّدُنكَ سُلْطَاناً نَّصِيراً.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! مېنى قەبرەمگە ئوڭشۇلۇق كىرگۈزگىن، قەبرەمدىن ئوڭشۇلۇق چىقارغىن، ماڭا دەرگاھىڭدىن ھەقىقەتتىكە ياردەم بېرىدىغان قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن»[1].

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 80- ئايەت.

رَّبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! ئاتا- ئانام مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن»[1].

رَّبِّ زِدْنِي عِلْمًا.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم!ئىلمىمنى زىيادە

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 24- ئايەت.

قىلغىن!»[1].

## ساھابىلەرنىڭ دۇئالىرى

سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيْرُ.

تەرجىمىسى: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىر

---

(1) تاھا سۈرىسى 114- ئايەت.

قايتـــدىغان جـــايىمىز ســـېنىڭ دەرگاھىڭدۇر»[1].

رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِيْنَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز!

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 285- ئايەت.

ئەگەر بىز ئۆتنۈساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۆتنۈش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)،

پەرۋەردىگارىمىز! كۆچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»[1].

ئىلىمدە توشقانلارنىڭ دۇئاسى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 286- ئايەت.

رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ. رَبَّنَا إِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لاَّ رَيْبَ فِيهِ إِنَّ اللّهَ لاَ يُخْلِفُ الْمِيعَادَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن، شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى)

بەكمـــۇ بېغشلىغۇچـــسەن. پەرۋەردىگـــارىمىز! شۇبھـــىسىزكى، كېلىشى شەكسىز بولغـان كۈنـدە (يەنى ھېساب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈندە) كىشىلەرنى توپلىغۇچـسەن، شۇبھـــىسىزكى، ئـاللاھ ۋەدىـسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ»[1].

---

(1) ئـال ئىمـران سۈرىـسى 8- 9- ئايەتلەر.

## تەقۋادارلارنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

**تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].**

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 16- ئايەت.

رَبَّنَا اصْرِفْ عَنَّا عَذَابَ جَهَنَّمَ إِنَّ عَذَابَهَا كَانَ غَرَاماً. إِنَّهَا سَاءتْ مُسْتَقَرّاً وَمُقَاماً.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن جەھەننەم ئازابىنى دەپئى قىلغىن، جەھەننەمنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن (سېنىڭ دۈشمەنلىرىڭدىن) ئايرىلمايدۇ، جەھەننەم ھەقىقەتەن يامان

قارارگاھتۇر، يامان جايدۇر»[1].

رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَاماً.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىغىن، تىلەيمىز، بىزنى

---

(1) فۇرقان 65- 66- ئايەتلەر.

تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن»[1].

## سەبىرلىك مۆمىنلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَإِسْرَافَنَا فِي أَمْرِنَا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ.

---

(1) فۇرقان 74- ئايەت.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! گۇناھلىرىمىزنى، ئىشىمىزدا چەكتىن ئاشقانلىقىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، قەدەملىرىمىزنى مۇستەھكەم قىلغىن ۋە كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»[1].

## ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى147- ئايەت.

رَبَّنَا أَنزِلْ عَلَيْنَا مَآئِدَةً مِّنَ السَّمَاءِ تَكُونُ لَنَا عِيداً لِّأَوَّلِنَا وَآخِرِنَا وَآيَةً مِّنكَ وَارْزُقْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّازِقِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ! بىزگە ئۈستىدە تاماق بار داستىخان چۈشۈرگىن، بۇ كۈن بىزلەرگە ۋە بىزدىن كېيىنكىلەرگە بايرام بولۇپ قالسۇن، ئۇ داستىخان سەندىن بىزگە بىر مۆجىزە بولۇپ قالسۇن.

بىزگە رىزىق بەرگىن، سەن رىزىق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىسەن»[1].

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا آمَنَّا بِمَا أَنزَلَتْ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! سەن چۈشۈرگەن كىتابقا ئىشەندۇق،

---

(1) مائىدە 114- ئايەت.

پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق. ئەمدى بىزنى (بىرلىكىڭگە، پەيغەمبىرىڭگە) گۇۋاھ بولغانلار قاتارىدىن يازغىن»[1].

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى

فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنتَ وَلِيِّي فِي الدُّنُيَاوَالآخِرَةِ تَوَفَّنِي مُسْلِماً وَأَلْحِقْنِي

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 53- ئايەت.

بِالصَّالِحِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن»[1].

---

(1) يۇسۇف سۈرىسى 101- ئايەت.

## پەرىشتىلەرنىڭ دۇئاسى

رَبَّنَا وَسِعْتَ كُلَّ شَيْءٍ رَّحْمَةً وَعِلْماً فَاغْفِرْ لِلَّذِينَ تَابُوا وَاتَّبَعُوا سَبِيلَكَ وَقِهِمْ عَذَابَ الْجَحِيمِ . رَبَّنَا وَأَدْخِلْهُمْ جَنَّاتِ عَدْنٍ الَّتِي وَعَدتَّهُم وَمَن صَلَحَ مِنْ آبَائِهِمْ وَأَزْوَاجِهِمْ وَذُرِّيَّاتِهِمْ إِنَّكَ أَنتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ . وَقِهِمُ السَّيِّئَاتِ وَمَن تَقِ السَّيِّئَاتِ يَوْمَئِذٍ فَقَدْ رَحِمْتَهُ وَذَلِكَ هُوَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ.

**تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز!**

سىنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە

كىرگـۈزگىن، سـەن ھەقىـقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سـەن ئـۇلارنى يامـان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سـەن كىمنـى يامـان ئىـشلاردىن ساقلايدىكەنـسەن، شۈبھىـسىزكى، بـۇ كۈنـدە سـەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن،

بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

## ئومۇمىي مۆمىنلەرنىڭ دۇئالىرى

رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ

---

(1) غافىر سۈرىسى 7- 8- 9- ئايەتلەر.

ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ فَقِنَا عَذَابَ النَّارِ. رَبَّنَا إِنَّكَ مَن تُدْخِلِ النَّارَ فَقَدْ أَخْزَيْتَهُ وَمَا لِلظَّالِمِينَ مِنْ أَنصَارٍ. رَبَّنَا إِنَّنَا سَمِعْنَا مُنَادِياً يُنَادِي لِلإِيمَانِ أَنْ آمِنُواْ بِرَبِّكُمْ فَآمَنَّا رَبَّنَا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَكَفِّرْ عَنَّا سَيِّئَاتِنَا وَتَوَفَّنَا مَعَ الأَبْرَارِ. رَبَّنَا وَآتِنَا

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 201- ئايەت.

مَا وَعَدتَّنَا عَلَى رُسُلِكَ وَلاَ تُخْزِنَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيْعَادَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بۇنى بىكار ياراتمىدىڭ. سەن پاكتۇرسەن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن كىمنىكى دوزاخقا كىرگۈزىدىكەنسەن، ئۇنى ئەلۋەتتە خار قىلغان بولىسەن. زالىملارغا ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ.

پەرۋەردىگارىمىز! بىز ھەقىقەتەن بىر چاقىرغۇچىنىڭ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ)، رەببىڭلارغا ئىمان ئېيتىڭلار، دەپ ئىمانغا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئىمان ئېيتتۇق، پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، يامانلىقلىرىمىزنى يوققا چىقارغىن، بىزنى ياخشىلارنىڭ قاتارىدا قەبزى روھ قىلغىن. پەرۋەردىگارىمىز!

بىزگە پەيغەمبەرلىرىڭ ئارقىلىق ۋەدە قىلغان نەرسىنى (جەننەتنى) بەرگىن، قىيامەت كۈنى بىزنى رەسۋا قىلمىغىن. سەن ھەقىقەتەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن»[1].

رَبَّنَا لاَ تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ الظَّالِمِينَ. وَنَجِّنَا بِرَحْمَتِكَ مِنَ الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 191- 194- ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن. بىزنى رەھمىتىڭ بىلەن كاپىر قەۋمدىن قۇتۇلدۇرغىن»[1].

رَبَّنَا اغْفِرْ لَنَا وَلِاخْوَانِنَا الَّذِينَ سَبَقُونَا بِالْإِيمَانِ وَلاَ تَجْعَلْ فِي قُلُوبِنَا غِلاًّ لِّلَّذِينَ آمَنُوا رَبَّنَا إِنَّكَ رَؤُوفٌ رَّحِيمٌ.

---

(1) سۈرىسى 85- 86- ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن»[1].

---

(1) ھەشر سۈرىسى 10- ئايەت.

رَبِّ أَوْزِعْنِي أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّتِي أَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَى وَالِدَيَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضَاهُ وَأَصْلِحْ لِي فِي ذُرِّيَّتِي إِنِّي تُبْتُ إِلَيْكَ وَإِنِّي مِنَ الْمُسْلِمِينَ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا- ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشنى ماڭا ئىلھام قىلغىن، مەن ئۆچۈن مېنىڭ

ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەردىن قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن»[1].

رَبَّنَا أَتْمِمْ لَنَا نُورَنَا وَاغْفِرْ لَنَا إِنَّكَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ.

---

(1) ئەھقاف سۈرىسى 15- ئايەت.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن»[1].

رَبَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِيْنَ.

---

(1) تەھرىم سۈرىسى 8- ئايەت.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بولساڭ ئەڭ رەھىم قىلغۇچىسەن»[1].

رَّبِّ أَنْزِلْنِي مُنْزَلاً مُّبَارَكًا وَأَنتَ خَيْرُ الْمُنْزِلِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم!

---

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 109- ئايەت.

مىنى مۇبارەك مەنزىلگە چۈشۈرگىن، سەن (دوستلىرىڭنى) ئەڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرغۇچىسەن»[1].

رَبَّنَا اغْفِرْ لِي وَلِوَالِدَيَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ الْحِسَابُ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا-

---

(1) مۆئمىنۇن سۈرىسى 29- ئايەت.

ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغپىرەت قىلغىن»[1].

فَاللَّهُ خَيْرٌ حَافِظًا وَهُوَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى ساقلىغۇچىدۇر، ھەممىدىن مېھرىباندۇر»[2].

رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَتَوَفَّنَا مُسْلِمِينَ.

---

(1) ئىبراھىم سۈرىسى 41- ئايەت.

(2) يۈسۈف سۈرىسى64- ئايەت.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن»[1].

(1) ئەئراف سۈرىسى 126- ئايەت.

## ئالتىنچى بۆلۈم: ھەدىسلەردىن تاللانغان دۇئالار

### ھەدىسلەردىن تاللانغان ئومۇمىي دۇئالار

1. اَللّٰهمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيْراً، وَلاَ يَغْفِـرُ الـذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْـتَ، فَـاغْفِرْ لِـي مَغْفِرةً مِـنْ عِنْـدِكَ، وَارْحَمْنِـي إِنَّـكَ أَنْـتَ الْغَفُورُ الرَّحِيمُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن

ئۆزۆمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى پەقەت سەنلا مەغپىرەت قىلىسەن، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا كەڭ مەغپىرەت ۋە رەھىم قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە شەپقەت قىلغۇچىسەن»[1].

2.اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْمُعَافَاةَ فِي الدُّنْيَا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

وَالْآخِرَةَ .

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئامانلىق تىلەيمەن»[1].

3. اَللَّهُمَّ اهْدِنِي وَسَدِّدْنِي.اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْهُدى وَالسَّدَادَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى ھىدايەت قىلغىن ۋە توغرا ئادەم

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلغىن. ئى ئاللاھ! سەندىن ھىدايەت ۋە تەۋغرىلىقنى سورايمەن»[1].

4. اَللّٰهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنى ياد قىلىشىمغا، ساڭا شۈكۈر قىلىشىمغا ۋە ساڭا ئۈبدان

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

بەندىچىلىك قىلىشىمغا يار- يۆلەك بولغىن»[1].

5. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِرِضَاكَ مِنْ سَخَطِكَ، وَأَعُوذُ بِمُعَافَاتِكَ مِنْ عُقُوبَتِكَ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْكَ لَا أُحْصِي ثَنَاءً عَلَيْكَ أَنْتَ كَمَا أَثْنَيْتَ عَلَى نَفْسِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭغا سېغىنىپ غەزىپىڭدىن

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پاناھ تىلەيمەن، سېنىڭ
قوغدىشىڭغا سىغىنىپ ئازابىڭدىن
پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سىغىنىپ
سېنىڭ دۇزىخىڭدىن پاناھ
تىلەيمەن، ئى پەرۋەردىگارىم! سەن
ئۆزۈڭگە سانا ئېيتقاندەك
مۇكەممەل رەۋىشتە ۋە سېنىڭ
لايىقىڭدا سانا ئېيتىشتىن

ئاجىزمەن»[1].

6. اَللَّهُمَّ يَا مُقَلِّبَ اْلقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِيْنِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى دىللارنى باشقۇرغۇچى ئاللاھ! دىلىمنى دىنىڭغا مۇستەھكەم قىلغىن»[2].

7. اَللَّهُمَّ مُصَرِّفَ اْلقُلُوبِ صَرِّفْ قُلُوبَنَا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىمام ئەھمەد، ھاكىم رىۋايىتى.

عَلَىٰ طَاعَتِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى سېنىڭ تائەت-ئىبادىتىڭگە ئۆزگەرتكىن»[1].

8. اَللَّهُمَّ رَحْمَتَكَ أَرْجُو، فَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ، وَأَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ، لاَ إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! رەھمىتىڭنى ئۈمىد قىلىمەن، مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇۋەتمىگىن، بارلىق ئىشلىرىمنى ياخشىلاپ بەرگىن، سەندىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر»[1].

9. اَللّٰهُمَّ أَحْسِنْ عَاقِبَتَنَا فِي الأُمُورِ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

كُلِّهَا، وَأَجِرْنَا مِنْ خِزْيِ الدُّنْيَا وَعَذَابِ الْآخِرَةِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيانىڭ خارلىقىدىن ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزغىن»[1].

10. اَللَّهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ مَا سَأَلَكَ

---

(1) ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.

مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ، وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا اسْتَعَاذَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمْ وَأَنْتَ الْمُسْتَعَانُ وَعَلَيْكَ البَلاَغُ وَلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ.

**تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سورىغان نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى سورايمىز ۋە ساڭا سېغىنىپ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد**

ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەن نەرسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز. سەن ئەڭ ياخشى مەدەتكارسەن، تولىمۇ شەپقەتلىكسەن. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[1].

11. اَللَّهُمَّ حَبِّبْ اِلَيْنَا الإِيْمَانَ وَزَيِّنْهُ فِي

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قُلُوبِنَا وَكَرِّهْ إِلَيْنَا الْكُفْرَ وَالْفُسُوقَ وَالْعِصْيَانَ وَجْعَلْنَا مِنَ الرَّاشِدِينَ.

**تەرجىمىسى: «ئى ئالLاھ! بىزگە ئىماننى قىزغىن سۆيدۈرگىن، ئۇنى دىلىمىزدا كۆركەم قىلغىن. بىزگە كۇپرنى، بۇزۇقچىلىقنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتكىن، بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچىلەردىن قىلغىن»[1].**

---

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى.

12. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ حُبَّكَ وَحُبَّ مَنْ يُحِبُّكَ والعَمَلَ الَّذِي يُبَلِّغُنِي حُبَّكَ. اَللَّهُمَّ أَجْعَلْ حُبَّكَ أَحَبَّ إلَيَّ مِنْ نَفْسِي وأَهْلِي وَمِنْ الْمَاءِ البَارِدِ.

تەرجىمىسى:«ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنى سۆيۈشنى، سېنى سۆيىدىغانلارنى سۆيۈشنى ۋە سېنى سۆيۈشكە تۈرتكە بولىدىغان ئەمەللەرنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭ سۆيگۈڭنى مېنىڭ ئۆچۈن

ئۈزۈمـــدىن، ئەھلىمـــدىن ۋە تەشـنالىقتىكى سـوغۇق سـۇدىنمۇ سۆيۈملۈك قىلغىن»[1].

13. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ، وَقَلْبٍ لاَ يَخْشَعُ، وَدُعاءٍ لاَ يُسْمَعُ، وَنَفْسٍ لاَ تَشْبَعُ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ هَؤُلاَءِ الْأَرْبَعِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

سېغىنىپ، سەندىن قورقماس دىلدىن، قوبۇل بولماس دۇئادىن، تويماس نەپستىن، پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن. مۇشۇ تۆتتىن پاناھ تىلەيمە»[1].

14. اَللّٰهُمَّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ، أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْراً لِي، وَتَوَفَّنِي إِذَا كَانَتِ الْوَفَاةُ خَيْراً لِي، اَللّٰهُمَّ

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

إِنِّي أَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ، وَكَلِمَةَ العَدْلِ وَالْحَقِّ فِي الْغَضَبِ وَالرِّضَا، وَأَسْأَلُكَ الْقَصْدَ فِي الْفَقْرِ وَالْغِنَا، وَأَسْأَلُكَ نَعِيماً لَا يَنْفَدُ، وَقُرَّةَ عَيْنٍ لَا تَنْقَطِعُ، وَأَسْأَلُكَ الرِّضَا بَعْدَ الْقَضَاءِ، وَأَسْأَلُكَ بَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ، وَأَسْأَلُكَ لَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهِكَ، وَأَسْأَلُكَ الشَّوْقَ إِلَى لِقَائِكَ فِي غَيْرِ ضَرَّاءَ مُضِرَّةٍ، وَلَا فِتْنَةٍ مُضِلَّةٍ، اللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الإِيْمَانِ، وَاجْعَلْنَا هُدَاةً

مُهْتَدِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ غەيبىي ئىلمىڭ، چەكسىز قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ ھاياتلىقىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدىغان بولسا ماڭا ھايات بېغىشلىشىڭنى، ۋاپاتىم مېنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولسا مېنى ۋاپات قىلدۇرۇشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئادەم بار- يوق ھەرقانداق جايدا

سەندىن قورقىدىغان تەقۋالىقنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! رازىمەنلىك ۋە غەزەبلىك ھەرقانداق ھالىتىمدە ھەق سۆزنى ئېيتىشىمنى سەندىن سورايمەن. ئى ئاللاھ! سەندىن ئوتتۇراھال تۇرمۇشنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن تۈگىمەس نېمەت سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن ئۈزۈلمەس خۇرسەنلىك سورايمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن قازا ۋە

قەدەرگە رازى بولۇشـــــۇمنى سـورايمەن. ئـى ئـاللاھ! سېنىڭدىن ئۆلۈمـدىن كېيىنمـۇ باياشات تۇرمۇشـقا مۇيەسـسەر قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئـى ئـاللاھ! سـېنىڭدىن زىيـان- زەخمەتـكە ئۇچرىماسـتىن سېنىڭ جامالىڭغا قاراش لەززىتىنى ۋە سـاڭا ئۇچرىـشش ئـشتىياقىنى سـورايمەن. ئـى ئـاللاھ! بىزنـى ئىمانىنىڭ زىننىتى بىلەن بېزىگىن. ئـى

ئاللاھ! بىزنى توغرا يولدا يۈرگۈچى ۋە ئۇنىڭغا باشلىغۇچىلاردىن قىلغىن»[1].

15. اَللّٰهُمَّ عَلِّمْنِي مَا يَنْفَعُنِي وَأَنْفَعْنِي بِمَا عَلَّمْتَنِي وَزِدْنِي عِلْمًا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا پايدىلىق نەرسىلەرنى بىلدۈرگىن، سەن ماڭا بىلدۈرگەنلىرىڭدىن مېنى

---

(1) نەسائىي ۋە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

پايدىلاندۇرغىن، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن»[1].

16. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ مُوجِبَاتِ رَحْمَتِكَ، وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ، وَالْغَنِيمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ، وَالسَّلاَمَةَ مِنْ كُلِّ إِثْمٍ. اَللَّهُمَّ لاَ تَدَعْ لِي ذَنْباً إِلاَّ غَفَرْتَهُ. وَلاَ هَمًّا إِلاَّ فَرَّجْتَهُ، وَلاَ حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضاً إِلاَّ قَضَيْتَهَا يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِينَ.

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈردىغان، مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان ئەمەللەرنى، بارلىق گۇناھلاردىن ساقلىنىشنى، جىمى ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشنى، جەننەتكە مۇيەسسەر بولۇشنى ۋە دوزاختىن قۇتۇلۇشنى سورايمەن. ئى ئاللاھ! ھەر قانداق گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن، ھەر قانداق

قىينچىلىقىمنى ھەل قىلغايسەن ۋە سەن رازى بولىدىغان ھەر قانداق ھاجىتىمنى راۋا قىلغايسەن، ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھ!»[1].

17. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ إِيْمَاناً لَا يَرْتَدُّ، وَنَعِيْماً لَا يَنْفَدُ، وَمُرَافَقَةَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي أَعْلَى جَنَّةِ الْخُلْدِ.

---

(1) ھاكىم رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن قايتماس ئىمان، تۈگىمەس نېمەت ۋە مەڭگۈلۈك جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى قېتىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن»[1].

18. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا عَمِلْتُ وَمِنْ شَرِّ مَا لَمْ أَعْمَلْ.

---

(1) ئەھمەد، نەسائىي رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! قىلغانلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە قىلمىغانلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

19. اَللَّهُمَّ اِنِّي اَعُوذُ بِكَ أَنْ اُشْرِكَ بِكَ وَاَنَا اَعْلَمُهُ وَاَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ اَعْلَمُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمە ۋە بىلمەستىن قىلىپ سالغانلىرىمغا سەندىن كەچۈرۈم سورايمەن»[1].

20. اَللّٰهُمَّ أَرِني الْحَقَّ حَقًّا وَارْزُقْني اِتِّبَاعَهُ وَأَرِنا الْبَاطِلَ بَاطِلاً وَارْزُقْني اِجْتِنَابَهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا ھەقنى ھەق كۆرسەتكىن، ماڭا ھەقىقەتكە ئەگىشىشنى نەسىب

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەتكەن، ماڭا باتىلنى باتىل كۆرسەتكىن ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى ماڭا نەسىب ئەتكىن»[1].

21. اَللّٰهُمَّ إِنَّكَ عَفُوٌّ تُحِبُّ العَفْوَ فَاعْفُ عَنِّي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن

---

[1] ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇئاسى.

ھەقسقەتەن گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچسەن ۋە مەغپىرەت قىلىشنى ياقتۇرىسەن، ماڭا مەغپىرەت قىلغايسەن»[1].

22. اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَعوُذُبِكَ مِنْ جَهْدِ الْبَلاَءِ، وَدَرَكِ الشَّقَاءِ، وَسُوْءِ الْقَضَاءِ، وَشَمَاتَةِ الْأَعْدَاءِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا

(1) ئىمام ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.

سىغىنىپ، ئىبغىر ئەھۋالدا قېلىشتىن، بەختسىزلىككە يولۇقۇشتىن، بالا-قازاغا دۇچار بولۇشتىن ۋە دۈشمەنلەرنى خوش قىلىدىغان ئىشقا مۇپتىلا بولۇشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

23. اللّٰهم إنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ زَوَالِ نِعْمَتِكَ، وَمِنْ تَحَوُّلِ عَافِيَتِكَ، وَمِنْ فُجَائَةِ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

نَقْمَتِكَ، وَمِنْ جَمِيْعِ سَخَطِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنىڭ ئۆزۈلۈپ قېلىشىدىن، بەرگەن ئامانلىقىڭنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن، تۇيۇقسىز جازالىشىڭدىن ۋە بارچە غەزەبلىرىڭدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

24. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ النَّارِ، وَعَذَابِ النَّارِ، وَفِتْنَةِ الْقَبْرِ، وَعَذَابِ الْقَبْرِ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْغِنىٰ، وَمِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْفَقْرِ. وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ، دوزاخنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، بايلىقنىڭ پىتنىسىدىن، كەمبەغەللىكنىڭ يامانلىقىدىن ۋە

دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

25. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ مُنْكَرَاتِ الْأَخْلاَقِ وَالْأَعْمَالِ وَالْأَهْوَاءِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ! ناچار ئەخلاقلاردىن، يامان ئەمەللەردىن ۋە ھاۋايى-

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەۋەسلەردىن پاناھ تىلەيمە»[1].

26. اَللَّهُمَّ اَصْلِحْ لِي دِينِي الَّذِي هُوَ عِصْمَةُ اَمْرِي، وَاَصْلِحْ لِي دُنْيَايَ الَّتِي فِيْهَا مَعَاشِي، وَ اَصْلِحْ لِي آخِرَتِي الَّتِي اِلَيْهَا مَعَادِي، وَجْعَلِ الْحَيَاةَ زِيَادَةً لِي فِي كُلِّ خَيْرٍ، وَالْمَوْتَ رَاحَةً لِي مِنْ كُلِّ شَرٍّ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ كاپالىتى بولغان دىنىمنى

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

مەن ئۇچۇن تولۇقلاپ بەرگىن،
مەئىشتىم بولغان دۇنيالىقمنى
مەن ئۇچۇن ياخشىلاپ بەرگىن،
قايتىدىغان جايىم بولغان
ئاخىرىتىمنى مەن ئۇچۇن ياخشىلاپ
بەرگىن، بارلىق ياخشىلىقلاردا مەن
ئۈچۈن هاياتلىقنى زىيادە قىلغىن ۋە
بارلىق يامانلىقلاردىن ئۆلۈمنى مەن

ئۆچۈن راھەتلىك قىلغىن»[1].

27. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَالْهَرَمِ وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الْعَدُوِّ (3 قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ غەم- ئەندىشىدىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن پاناھ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تىلەيـــمەن ۋە ئـــاجىزلىقتىن، ھورۇنلـــۇقتىن، قەرزدارلىقـــتىن، دۈشـــمەننىڭ مېنـــى مەغلـــۇپ قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

ھەدىسلەردىن تاللانغان جايلار
ۋە چاغلارغا خاس دۇئالار
تۆۋەندىكى دۇئالار پەيغەمبىرىمىز
ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆنـدىلىك تۇرمۇشـى جەريانـىدا، ھەرخـىل جـايلار ۋە چـاغلاردا ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان ۋە سـاھابەلىرىگە شـۇنداق تەلـىم بەرگەنلـىرى بولـۇپ، ئەڭ ئىشەنچلىك ھەدىس كىتابلىرىدىن تاللاپ ئېلىندى.

## ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

1. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَحْيَانَا بَعْدَ مَا

أَمَاتَنَا وَإِلَيْهِ النُّشُورُ.

تەرجىمىسى: «بىزنى ئۆيقۇ بىلەن ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، قايتا ھايات بېغىشلىغان ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتىمەن. ئاخىرى قايتىش ئۇنىڭ تەرىپىگىدۇر»[1].

2. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ: لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

قَدِيْرٌ. سُبْحَانَ اللهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّـهُ وَاللَّـهُ أَكْبَـرُ، وَلاَ حَـوْلَ وَلاَ قُـوَّةَ إِلاَّ بِاللَّـهِ اَللَّهُـمَّ اغْفِـرْ لِـي. (10 قېـتـم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى زاتتۇر. ئاللاھ پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ سانا

ئاللاھقا خاستۇر. يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەققىي ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر، يۇقىرى مەرتىبىلىك ۋە ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

3. الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي عَافَانِي فِي جَسَدِي وَرَدَّ عَلَيَّ رُوحِي وَأَذِنَ لِي بِذِكْرِهِ.

تەرجىمىسى: «تېنىمنى ساق قىلغان، جېنىمنى ماڭا قايتا ئاتا قىلغان ۋە ئۆزىنى ياد ئېتىشىم ئۈچۈن ماڭا پۇرسەت بەرگەن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1].

كېيىنگەندە ئوقۇلىدىغان

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

## دۇئا

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي كَسَانِي هَذا وَرَزَقَنِيْهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

تەرجىمىسى: «ماڭا بۇ كىيىمنى كىيگۈزگەن ۋە بۇنى مېھنىتىمسىز ماڭا ئاتا قىلغان ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1].

## يېڭى كىيىم كىيگەندە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

## ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ كَسَوْتَنِيهِ، أَسْأَلُكَ خَيْرَهُ وَخَيْرَ مَا صُنِعَ لَهُ أَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا صُنِعَ لَهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەنكى، بۇ كىيىمنى ماڭا سەن كىيگۈزدۈڭ. سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنىڭ بەرىكەت قىلىشىنى تىلەيمەن. ساڭا سېغىنىپ ئۇنىڭ

چىركىنلىكــــتىن ۋە يامـــــانلىق كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## ھاجەتخانىغا كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُـمَّ إِنِّـي أَعُـوذُ بِـكَ مِـنَ الْخُبْـثِ وَالْخَبَائِثِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ئەركەك- چىشى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

شـەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

غُفْرَانَك، الْحَمْدُ للهِ الَّذِي أَذْهَبَ عَنِّي الْأَذَى وَعَافَانِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن،

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەنـدىن زىيـان- زەخمەتنـى يـوق قىلغـان ۋە مېنى سـالامەت قىلغـان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1].

تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن

ئېيتىلىدىغان زىكىر

بِسْمِ اللّٰهِ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىلەن باشلايمەن»[1].

## تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

**1.** أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُه.

تەرجىمىسى: «يالغۇز بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

يوقلۇقلىغا، ئۇنىڭ شېرىكى يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

2. اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِي مِنَ التَّوَّابِيْنَ، وَاجْعَلْنِي مِنَ الْمُتَطَهِّرِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەۋبە قىلغــــــــــــۇچىلاردىن ۋە گۇنـاھلاردىن پـاك بولغـۇچىلاردىن قىلغىن»[1].

## ئۆيدىن چىقىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسْمِ اللّٰهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّٰهِ لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللّٰهِ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

بىلەن باشلايمەن، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ»[1].

## ئۆيگە كىرىشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسْمِ اللهِ وَلَجْنَا وَبِسْمِ اللهِ خَرَجْنَا، وَعَلَى اللهِ رَبِّنَا تَوَكَّلْنَا.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن كىردۇق، ئۇنىڭ نامى بىلەن چىقتۇق ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھقا تەۋەككەل قىلدۇق»[1].

## مەسجىدكە ماڭغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ اجْعَلْ فِي قَلْبِي نُوراً، وَفِي بَصَرِي نُوراً، وَفِي سَمْعِي نُوراً، وَعَنْ يَمِيْنِي نُوراً،

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

وَعَنْ يَسَارِي نُوراً، وَفَوْقِي نُوراً، وَتَحْتِي نُوراً، وَأَمَامِي نُوراً، وَخَلْفِي نُوراً، وَأَعْظِمْ لِي نُوراً.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! دىلىمنى ئاق قىلغىن، كۆزۈمنى نۇرلۇق قىلغىن، قۇلىقىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئوڭ ۋە سول تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئۈستى ۋە ئاستى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن، ئالدى ۋە كەينى تەرىپىمنى نۇرلۇق قىلغىن ۋە

ماڭا ئاتا قىلغان نۇرۇڭنى كاتتا قىلغىن»[1].

## مەسجىدكە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. أَعُوذُ بِاللهِ الْعَظِيمِ وَبِوَجْهِهِ الْكَرِيمِ وَسُلْطَانِهِ الْقَدِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىغا، رەھىم- شەپقىتىگە ۋە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەزەلدىن مەڭگۈگە داۋام قىلغۇچى بولغان پادىشاھلىقىغا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمە»[1].

2. اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇلۇغ پەزلىڭدىن رەھمەت ئاتا قىلىشىڭنى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

تىلەيمەن»[1].

مەسجىدتىن چىقىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى قوغلاندى شەيتانىنىڭ شەررىدىن ساقلىغىن»[2].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.
(2) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار مەسجىدكە كىرگەندە، ئالدى بىلەن ماڭا دۇرۇد ئېيتسۇن، ئاندىن اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِي أَبْوَابَ رَحْمَتِكَ دېگەن دۇئانى ئوقۇسۇن. مەسجىدتىن چىقسىڭىزمۇ، ئاۋۋال ماڭا دۇرۇد ئېيتسۇن، ئاندىن «اَللّٰهُمَّ اعْصِمْنِي مِنَ الشَّيْطَانِ

الـرَّحِيْمِ» دېــگەن دۇئـــانى ئوقۇسۇن»[1].

## ئەزان دۇئاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ئەزان ئوقۇلغان ۋاقىتتا، مۇئەززىنگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئېيتقـــانلىرىنى ئېيتــڭلار، پەقەت «ھەييەئەلەســـــــــــالاھ ۋە

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ھەيـيەئەلەلفەلاھ» دېگەنـدە، لاَحَوْلَ وَلاَ قُـــوَّةَ إلاَّ بِـــاللّٰهِ- «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھ» يەنى «ئاللاھ تائالانىـــڭ يـــاردىمى بولمـــسا قـولـمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ» دەڭلا. بۇنى چىن قەلبىدىن ئېيتقان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ»[1] .

## ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## دۇئا

اَللَّهُمَّ رَبَّ هٰذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ آتِ مُحَمَّداً الْوَسِيْلَةَ وَالْفَضِيْلَةَ، وَابْعَثْهُ مَقَاماً مَحْمُوداً الَّذِي وَعَدْتَهُ.

تەرجىمىسى: «ئى مۇشۇ ئۇلۇغ چاقىرىقنىڭ ۋە ئوقۇلىدىغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھ! پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شاپائەت قىلىش پەزىلىتىنى بەرگىن ۋە ئۇنى سەن ۋەدە

قىلغان ئالىي ماقامغا ئېرىشتۈرگەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «ئەزان بىلەن ناماز ئارىسىدا دۇئا قىلىڭلار. چۈنكى بۇ ۋاقىتتىكى دۇئا رەت قىلىنمايدۇ»[2] دەپ كۆرسەتكەن.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) تىرمىزى رىۋايىتى.

## نامازغا باشلىغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. سُبْحَانَكَ اَللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ، وَتَبَارَكَ اسْمُكَ، وَتَعَالَى جَدُّكَ، وَلاَ إِلٰهَ غَيْرُكَ.

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانەكەللاھۇممە ۋە بىھەمدىكە، ۋە تەبارەكەسمۇكە ۋە تەئالا جەددۇكە ۋە لائىلاھە غەيرۇكە».

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى جىمى

نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمىز. پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر. نامىڭ ئۇلۇغ، شەنىڭ ئۈستۈندۇر ۋە سېنىڭدىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

2. اَللّٰهُمَّ بَاعِدْ بَيْنِي وَبَيْنَ خَطَايَايَ كَمَا بَاعَدْتَ بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ، اَللّٰهُمَّ نَقِّنِي مِنَ الْخَطَايَا كَمَا يُنَقَّى الثَّوْبُ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

اَلْاَبْيَضُ مِنَ الدَّنَسِ، اَللَّهُمَّ اغْسِلْ خَطَايَايَ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى خاتالىقلاردىن خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپنىڭ ئارىسىنى يىراق قىلغاندەك يىراق قىلغىن. ئى ئاللاھ! خۇددى ئاق كىيىم پاسكىنىلىقتىن تازىلىنىپ پارلىغاندەك مېنى خاتالىقلىرىمدىن پاكلىغىن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ

بىلەن، قار بىلەن ۋە مۇز بىلەن تازىلاپ يۇق قىلغىن»[(1)].

3. وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ حَنِيفاً وَمَا أَنَا مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ. إِنَّ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ. لاَ شَرِيْكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ. اَللَّهُمَّ أَنْتَ الْمَلِكُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ. أَنْتَ رَبِّي وَأَنَا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

عَبْدُكَ. ظَلَمْتُ نَفْسِي وَاعْتَرَفْتُ بِذَنْبِي
فَاغْفِرْ لِي ذُنُوبِي جَمِيعاً. إِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ
الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ. وَاهْدِنِي لأَحْسَنِ
الأَخْلاَقِ. لاَ يَهْدِي لأَحْسَنِهَا إِلاَّ أَنْتَ.
وَاصْرِفْ عَنِّي سَيِّئَهَا. لاَ يَصْرِفُ عَنِّي
سَيِّئَهَا إِلاَّ أَنْتَ. لَبَّيْكَ. وَسَعْدَيْكَ وَالْخَيْرُ
كُلُّهُ فِي يَدَيْكَ. وَالشَّرُّ لَيْسَ إِلَيْكَ. أَنَا بِكَ
وَإِلَيْكَ. تَبَارَكْتَ وَتَعَالَيْتَ. أَسْتَغْفِرُكَ
وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.

تەرجىمىسى: «مەن تۇغرا دىنغا

ئېتىقاد قىلغان ھالدا ئاسمانلار بىلەن زېمىننى ياراتقان ئاللاھقا يۈزلەندىم. مەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مەن مۇشۇنداق ئېتىقاد قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. مەن

مۇسۇلمانلاردىنمەن. ئى ئاللاھ!
سەن يەككە- يېگانە پادىشاھسەن،
سېنىڭدىن ئۆزگە ھەقىقىي ئىلاھ
يوق. سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم،
مەن سېنىڭ بەندەڭمەن، مەن
گۇناھلىرىم ئارقىلىق ئۆزۈمگە زۇلۇم
قىلدىم ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە
قىلدىم، تەۋبەمنى قوبۇل قىلىپ
جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت
قىلغىن. چۈنكى گۇناھلارنى سەندىن

باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوق. ئى ئاللاھ! مېنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلارغا ئىگە قىلغىن، گۈزەل ئەخلاقلارغا سەندىن باشقا ھېچكىم ئىگە قىلالمايدۇ، ناچارلىقلارنى مېنىڭدىن يىراق قىلغىن، ھەقىقەتەن سېنىڭدىن باشقا ھېچكىم مېنى ناچارلىقلاردىن يىراق قىلالمايدۇ. سېنىڭ ئەمرىڭگە خوش دەپ كەلدىم، سائادەت ۋە پۈتۈن

ياخشىلىقلار سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، يامانلىق ساڭا لايىق ئەمەس. مەن سېنىڭ مۈلكۈڭمەن ۋە سەن تەرەپكە قايتىمەن. سەن تولىمۇ مۇبارەك ۋە ئۇلۇغ ئىگەمسەن، گۇناھلىرىم ئۈچۈن ساڭا تەۋبە قىلىمەن ۋە سېنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. سُبْحَانَ رَبِّيَ الْعَظِيمُ. (ئۈچ قېتىم).

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانە رەببىيەل ئەزىم».

تەرجىمىسى: «ئەڭ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم ۋە

2. سُبْحَانَكَ اَللَّهُمَّ رَبَّنَا وَبِحَمْدِكَ، اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانەكە ئاللاھۇممە رەببەنا ۋەبىھەمدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى»

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى جىمى نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد

---

باشقىلار رىۋايىتى.

قىلمىز. پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

3. سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ.

(بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

ئوقۇلۇشى: «سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن رەببۇل مەلائىكەتى

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋەررۇھ».

تەرجىمىسى: «جىمى پەرىشتىلەرنىڭ، جىبرىلنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، ئاللاھنىڭ شەنى ئۇلۇغدۇر»[1].

رۇكۇدىن تۇرغاندا
ئوقۇلىدىغان دۇئا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ. (بىر قېتىم). ئوقۇلۇشى: «سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ».

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقاننى ئاڭلىغۇچىدۇر»[1].

2. رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ حَمْداً كَثِيْراً طَيِّباً مُبَارَكاً فِيْهِ. (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئوقۇلــــــشى: «رەببەنــــا ۋەلەكەلهەمدۇ ھەمدەن كەسىرەن تەييىبەن مۇبارەكەن فيه».

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن»[1].

3. اَللَّهُمَّ رَبَّنَا لَكَ الْحَمْدُ مِلْءَ السَّمَاوَاتِ وَمِلْءَ الأَرْضِ وَمِلْءَ مَا بَيْنَهُمَا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

وَمِلْءَ مَا شِئْتَ مِنْ شَيْءٍ بَعْدُ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا ئاسمانلار، زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەر تولغىچە ۋە سەن ياراتقان ھەممە يارىتىدىغان جىمى مەۋجۇداتنىڭ سانىچە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن» [1].

سەجدىدە ئېيتىلىدىغان دۇئا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. سُبْحَانَ رَبِّيَ الْأَعْلَىٰ. (ئۈچ قېتىم).

ئوقۇلۇشى: «سۇبهانه رەببىيەل ئەئلا».

تەرجىمىسى: «ئەڭ ئالىي مەرتىبىلىك پەرۋەردىگارىم ئاللاھنى بارچە نۇقسانلاردىن پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم ۋە باشقىلار رىۋايىتى.

2. سُبحانَكَ اللَّهُمَّ رَبَّنا وَبِحَمْدِكَ اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِي.

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانەكەللاھۇممە رەببەنـا ۋەبىھەمـدىكە، ئاللاھۇممەغفىرلى».

تەرجىمىسى: «ئـى پەرۋەردىگارىمىز! بىز سېنى جىمى نۇقسانلاردىن پـاك دەپ ئېتىقـاد قىلىمىز. پۈتۈن ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى

مەغپىرەت قىلغىن»[1].

3. سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلاَئِكَةِ وَالرُّوحِ.

ئوقۇلۇشى: «سۇببۇھۇن قۇددۇسۇن رەببۇل مەلائىكەتى ۋەررۇھ».

تەرجىمىسى: «جىمى پەرىشتىلەرنىڭ، جىبرىئىلنىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ بارچە نۇقسانلاردىن پاكتۇر، شەنى ئۇلۇغدۇر»[1].

## ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. رَبِّ اغْفِرْلِي، رَبِّ اغْفِرْلِي.

ئوقۇلۇشى: «رەببىغفىرلىي، رەببىغفىر لىي».

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئى پەرۋەردىگارىم! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن»[1].

2. اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَاجبُرْنِي وعافِنِي وَارْزُقْنِي وَارْفَعْنِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن،

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلغىن، مېنى ياخشى ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلغىن، ماڭا ساقلىق ۋە كەڭ رىزىق ئاتا قىلغىن، مەرتىبەمنى يۇقىرى قىلغىن»[1].

تىلاۋەت سەجدىسىدە

---

(1) ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. سَجَدَ وَجْهِي لِلَّذِي خَلَقَهُ وَصَوَّرَهُ، وَشَقَّ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ تَبَارَكَ اللّٰهُ أَحْسَنُ الْخَالِقِيْنَ. (بىر قېتىم).

تەرجىمىسى: «مېنىڭ يۈزۈم ئۇنى ياراتقان، چىرايلىق شەكىلگە كىرگۈزگەن ۋە كۆزۈم بىلەن قۇلىقىمنى ساغلام قىلغان زات- ئاللاھقا سەجدە قىلدى. ئەڭ ماھىر ياراتقۇچى ئاللاھ ھەممە جەھەتتىن

ئەلۋەتتە ئۇلۇغدۇر»[1].

2. اَللَّهُمَّ اكْتُبْ لِي بِهَا عِنْدَكَ أَجْراً، وَضَعْ عَنِّي بِهَا وِزْراً وَاجْعَلْهَا لِي عِنْدَكَ ذُخْراً، وَتَقَبَّلْهَا مِنِّي كَمَا تَقَبَّلْتَهَا مِنْ عَبْدِكَ دَاوُدَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! قىلغان بۇ سەجدەم ئارقىلىق ماڭا ساۋاب بەرگىن، گۇناھىمنى يوق قىلغىن، بۇ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سەجدىنى مەن ئۇچۇن دەرگاھىڭدا ئەسقاتىدىغان ئىبادەتلىرىم قاتارىدا قىلغىن، خۇددى داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى قوبۇل قىلغاندەك مەندىن ئۇنى قوبۇل قىلغىن»[1].

## تەشەھھۇدتا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

1. اَلتَّحِيّاتُ لِلَّهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ اَلسَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ، اَلسَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِيْنَ أَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ.

تەرجىمىسى: «ئىبادەتلەر ئاللاھ ئۈچۈندۇر، ئامانلىق، دۇرۇدلار ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن ئى ھۆرمەتلىك پەيغەمبەر. ئامانلىق بىزگە ۋە

ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگە بولسۇن. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە بەرھەق ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن»[1].

2. اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ وَعَلَىٰ آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَىٰ إِبْرَاهِيمَ وَعَلَىٰ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ

مەرتىبىلىك زاتسەن»[1].

3. اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام- نىشانىنى مەڭگۈ قىلغانىدەك مۇھەممەد

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام- نىشانىسنى مەڭگۈ قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن»[1].

4. رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز،

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بــزگە دۇنيــادا ياخــشلىق ئاتــا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغــىن ۋە بىــزنــى دوزاخ ئازابــىدىن ساقلىغىن»[1] .

## تەشەھھۇدتــىن كــيــىن ۋە سالام بېرىشتــىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان دۇئالار

1. اَللَّهُـمَّ إِنّي أَعُـوذُ بِكَ مِنْ عَـذَابِ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

الْقَبْرِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَسِيحِ الدَّجَّالِ، وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ فِتْنَةِ الْمَحْيَا وَفِتْنَةِ الْمَمَاتِ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْمَأْثَمِ وَالْمَغْرَمِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرى ئازابىدىن پاناھ تىلەيمە، دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا سېغىنىپ ھايات ۋە ماماتنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا

سىغىنىپ گۇناھقا چۆمۈشتىن ۋە قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەيمە»[1].

2. اَللَّهُمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْماً كَثِيْراً وَلاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ فَاغْفِرْ لِي مِنْ عِنْدِكَ مَغْفِرَةً إِنَّكَ أَنْتَ الْغَفُوْرُ الرَّحِيْمُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن ئۆزۈمگە كۆپ زۇلۇم قىلدىم، گۇناھلارنى سەندىن ئۆزگە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەغپىرەت قىلغۇچى يوق، مېنى ئۆز پەزلى- كەرەمىڭ بىلەن مەغپىرەت قىلغىن. سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە تولىمۇ شەپقەتلىك ئىگەمسەن»[1].

3. اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لِي مَاقَدَّمْتُ وَمَاأَخَّرْتُ، وَمَاأَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، وَمَا اَسْرَفْتُ وَمَا اَنْتَ اَعْلَمُ بِهِ مِنِّي اَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

الْمُؤَخِّرُ، لاَإِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۆتكەن ۋە كېيىنكى، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا قىلغان بارلىق گۇناھلىرىمنى، ھەددىمدىن ئاشقانلىرىمنى ۋە مەن بىلمەيدىغان خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن ئەزەلدىن بار بولغان ۋە مەڭگۈگە قالىدىغان زاتسەن، سېنىڭدىن ئۆزگە مەبۇد

بەرھەق يوقتۇر»[1].

## نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار

1. اَسْتَغْفِرُاللهَ اَسْتَغْفِرُاللهَ اَسْتَغْفِرُاللهَ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلاَمُ، وَ مِنْكَ السَّلاَمُ، تَبارَكْتَ ياذَا الْجَلاَلِ وَالْإِكْرَامِ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن مەغفىرەت تىلەيمەن. ئى ئاللاھ!

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق زادى سېنىڭدىن. ئى ئۇلۇغلۇق ۋە پەزلى- كەرەم ئىگىسى ئاللاھ سەن ھەقىقەتەن كاتتىلارنىڭ كاتتىسىسەن»[1].

2. لاَإِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. اَللَّهُمَّ لاَمَانِعَ لِمَا أَعْطَيْتَ،

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

وَلاَمُعْطِيَ لِمَا مَنَعْتَ، وَلاَيَنْفَعُ ذَا الْجَدِّ مِنْكَ الْجَدُّ.

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئى ئاللاھ! سەن ئاتا قىلغاننى توسۇۋالغۇچى يوق ۋە

سەن توسقاننى بەرگۈچى يوق، سېنىڭ دەرگاھىڭدا بايلارنىڭ بايلىقى ئەسقاتمايدۇ»[1].

3. لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ، لاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ إِلاَّ بِاللهِ، لاَ نَعْبُدُ إِلاَّ إِيَّاهُ، لَهُ الْمَنُّ، وَلَهُ النِّعْمَةُ، وَلَهُ الفَضْلُ وَالثَّنَاءُ الْحَسَنُ، لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللَّهُ مُخْلِصِيْنَ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

لَهُ الدِّينَ، وَلَوْ كَرِهَ الْكَافِرُونَ.
تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. بىز پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، ئۇ نېمەت ۋە پەزىلى- كەرەم

ئىگەسىدۇر، ئۇ شۇكۇرگە ۋە ئەڭ ئېسىل ھەمدۇ سانالارغا لايىقتۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر. كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىز ئىبادەتنى ئاللاھقا خاس قىلىپ، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلىمىز»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ھەدىسىدە، «بۇنى ھەر نامازدىن كېيىن ئوقۇغان كىشىنىڭ دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ ھەممىسى مەغفىرەت قىلىنىدۇ»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

4. سُبْحَانَ اللهِ ، اَلْحَمْدُ لِلّهِ ، اَللّهُ أَكْبَرُ.

ئوقۇلۇشى: «سۇبھانەللاھ،

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەلھەمدۇلىللاھ، ئاللاھۇ ئەكبەر» (ھەربىرى 33 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر»[1].

5. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ. (ئۈچ قېتىم).

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن ‹ئېيتقىنكى، ئۇ- ئاللاھ بىردۇر. ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ›» [1].

---

(1) ئىخلاس سۈرىسى.

6. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ . مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. (ئۇچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ‹مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ

شــەرىدىن، تۆگــۈنلەرگە دەم سـاالغۇچى سـېھرگەرلەرنىڭ شەرىدىن سۆيھنىڭ پەرۋەردىگارى ئالالھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن»[1].

**7.** بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَٰهِ النَّاسِ. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي

---

(1) ئەلەق سۈرىسى.

صُدُورِالنَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ. (ئۇچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، «ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە

ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسەسىنىڭ
شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن،
دېگىن»[1].

8. اللَّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ
تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ
وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ
إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ

---

(1) ناس سۈرىسى.

وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَآءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ.

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر; ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر; ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ; ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر;

ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (دۇنيادىكى)، كەينىدىكى (ئاخىرەت ئۇچۇن تەييارلىغا) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ،

ئاللاھنىڭ مەلۇماتى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىبىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر»[1].

9. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، يُحْيِي وَيُمِيتُ بِيَدِهِ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 255- ئايەت.

الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ. (10) قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر. ئاللاھ ئۆلتۈرەلەيدۇ، تىرىلدۈرەلەيدۇ، ياخشىلىق ئۇنىڭ قولىدىدۇر. ئاللاھ ھەر نەرسىگە

قادىردۇر»[1]. (بامدات ۋە شام نامازلىرىدىن كېيىن 10 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ).

10. اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْماً نافِعاً، وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، ھالال رىزىق ۋە دەرگاھىڭدا قوبۇل

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

بولـــدىغان ئەمەلـگە مۇيەسسەر قىلـىشقىنى تىلەيمەن»[1]. (بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدۇ).

## ئىستىخارە نامىزى

ئىـــستىخارە- ئـــاللاھ تائـــالادىن ياخشىلىق سوراش دېمەكتۇر. بىرەر ئىـــشنىڭ خەيرلىــك بولــۇپ- بولماســلىقى توغرۇلــۇق ئـــاللاھ

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

تائالادىن مەنۋى بشارەت ئېلىشنى
خالىغان ئادەم ئىككى رەكئەت
ناماز ئوقۇپ، ئاللاھ تائالاغا دۇئا
قىلىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن
رىۋايەت قىلىنىدۇكى: پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىستىخارە
قىلىشنى خۇددى قۇرئان سۈرىلىرىنى
ئۆگەتكەندەك ئۆگىتەتتى ۋە مۇنداق
دەيتتى: «سىلەر بىرەر ئىشقا
ئاتلانماقچى بولغاندا، ئىككى

رەكئەت نەپلى ناماز ئوقۇپ بولۇپ، مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغلار: اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْتَخِيْرُكَ بِعِلْمِكَ وَأَسْتَقْدِرُكَ بِقُدْرَتِكَ وَأَسْأَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ الْعَظِيْمِ فَإِنَّكَ تَقْدِرُ وَلاَ أَقْدِرُ وَتَعْلَمُ وَلاَ أَعْلَمُ وَأَنْتَ عَلاَّمُ الْغُيُوبِ اَللّٰهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ هٰذَا الْأَمْرَ خَيْرًا لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي وَ عَاجِلِهِ وَآجِلِهِ فَاقْدُرْهُ لِي وَيَسِّرْهُ لِي ثُمَّ بَارِكْ لِي فِيهِ اَللّٰهُمَّ إِنْ كُنْتَ تَعْلَمُ أَنَّهُ شَرٌّ لِي فِي دِينِي وَمَعَاشِي وَعَاقِبَةِ أَمْرِي عَاجِلِهِ

وَآجِلِهِ فَاصْرِفْهُ عَنِّي وَاصْرِفْنِي عَنْهُ وَاقْدُرْ لِيَ الْخَيْرَ حَيْثُ كَانَ ثُمَّ رَضِّنِي بِهِ : يەنى "ئى ئاللاھ! سېنىڭ چەكسىز ئىلمىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن ياخشىلىق سورايمەن، سېنىڭ قۇدرىتىڭگە سېغىنىپ سېنىڭدىن كۈچ- قۇۋۋەت تىلەيمەن، سېنىڭ ئۇلۇغ پەزلىڭدىن سورايمەن. سەن ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن، مەن ئاجىزمەن. سەن ھەممىنى

بىلىسەن، مەن بىلمەيمەن. سەن پۈتۈن غەيبلەرنى بىلگۈچىسەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ بۇ ئىش (ھاجىتىنى ئېيتىدۇ) مېنىڭ دىنىم، دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى ماڭا تەقدىر قىلغىن ۋە ماڭا ئۇنى ئاسان قىلغىن، ئاندىن ئۇنىڭدا ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن. ئەگەر بۇ ئىش مېنىڭ دىنىم،

دۇنيالىقىم ۋە ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن ھازىردا ۋە كېلەچەكتە زىيانلىق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭ، ئۇنى مەندىن يىراق قىلغىن ۋە مېنىمۇ ئۇنىڭدىن يىراق قىلغىن، نەدىلا بولمىسۇن ماڭا ياخشىلىقنى نەسىب قىلغىن. ئاندىن مېنى ئۇنىڭ بىلەن مەمنۇن قىلغىن»، ئاندىن ئاللاھ

تائـــالادىن هــــاجىتىڭلارنى سوراڭلار"»[1].

بـۇ ھەدىـسنىڭ كۆرسەتمىسگە ئاساسەن، بـرەر ئىشنىڭ خەيرلىك بولـۇپ- بولماسلىقى توغرۇلـۇق ئـالالھ تائـالا تەرىپىدىن مەنـۋىي ئىشارەت ئېلىشنى خالىغان ئادەم ئىككى رەكئەت ئىستىخارە نـامىزى

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئوقۇيدۇ. ئىستىخارە نامىزى خۇددى
بامداتنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇغاندەك
ئوقۇلىدۇ. ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندىن
كېيىن، يۇقىرىقى دۇئانى ئوقۇپ
بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن
ھاجەتلىرىنى سورايدۇ.
ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق
سورىغان ۋە كىشىلەر بىلەن
كېڭەشكەن كىشى ئۆكۈنمەيدۇ. ئادەم
كېيىنكى پۇشايماندىن خالىي

بولـدۇ. ئـاللاھ تائـالا قۇرئـان كەرىمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: وَشَاوِرْهُمْ فِي ٱلْأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ تەرجىمىسى: «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن، ئاندىن بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن»[1].

بىـرەر ئىـشتا ئـاللاھ تائالاغـا

---

(1) ئال ئىمران 159- ئايەت.

ئۈستخارە قىلغاندىن كېيىن، كۆڭۈل تارتقان بويىچە ئىش كۆرۈشتە ياخشىلىق باردۇر.

**ھاجەت نامىزىنىڭ دۇئاسى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ياكى ئىنسانلاردىن بىرەرسىگە ھاجىتى بولغان ئادەم، ياخشى تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن

ئاللاھقا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتسۇن ۋە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن:

لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللهُ الْحَلِيْمُ الْكَرِيْمُ، سُبْحَانَ اللهِ رَبِّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ، وَالْحَمْدُ للهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ . أَسْأَلُكَ مُوْجِبَاتِ رَحْمَتِكَ وَعَزَائِمَ مَغْفِرَتِكَ وَالْعِصْمَةَ مِنْ كُلِّ ذَنْبٍ وَالْغَنِيْمَةَ مِنْ كُلِّ بِرٍّ وَالسَّلاَمَةَ مِنْ كُلِّ اِثْمٍ ، اَللَّهُمَّ لاَتَدَعْ لَنَا ذَنْباً اِلاَّ غَفَرْتَهُ وَلاَ هَمّاً اِلاَّ فَرَّجْتَهُ وَلاَ حَاجَةً هِيَ لَكَ رِضاً اِلاَّ فَرَّجْتَهَا

يَا أَرْحَمَ الرَّاحِمِيْنَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ تولىمۇ ھەلىمدۇر، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ بارچە نوقسانلاردىن پاكتۇر. ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن سېنىڭ رەھمىتىڭگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەلنى،

مەغپىرىتىڭگە مۇيەسسەر قىلىدىغان تەۋبىنى، مېنى ھەر قانداق گۇناھتىن ساقلىشىڭنى، پۇتۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشتۈرۈشىڭنى ۋە ھەرقانداق يامانلىقتىن ئامان قىلىشىڭنى تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! مېنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، بارلىق قىيىنچىلىقلىرىمنى ھەل قىلىپ بەرگىن ۋە سېنىڭ رازىلىقىڭغا

ئېرىششىم ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغان ھەر قانداق ھاجەتلىرىمنى راۋا قىلىپ بەرگىن ئى رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى بولغان ئاللاھ!»

ئاندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا ئائىت خالىغان ھاجەتلىرىنى سورايدۇ»[1].

---

(1) تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە

## تەھەججۇد ئوقۇغاندا
## ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ قَيِّمُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ وَلَكَ الْحَمْدُ، لَكَ مُلْكُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ وَمَنْ فِيهِنَّ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ نُورُ السَّمَوَاتِ وَالأَرْضِ، وَلَكَ الْحَمْدُ أَنْتَ الْحَقُّ، وَوَعْدُكَ الْحَقُّ، وَلِقَاؤُكَ حَقٌّ، وَقَوْلُكَ حَقٌّ، وَالْجَنَّةُ حَقٌّ،

---

رىۋايىتى.

وَالنَّـارُ حَـقٌّ، وَالـنَّـبِيُّـونَ حَـقٌّ، وَمُحَمَّدٌ- صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ- حَقٌّ، وَالسَّاعَةُ حَقٌّ، اَللَّهُمَّ لَكَ أَسْلَمْتُ، وَبِكَ آمَنْتُ وَعَلَيْكَ تَوَكَّلْتُ، وَإِلَيْكَ أَنَبْتُ، وَبِكَ خَاصَمْتُ، وَإِلَيْكَ حَاكَمْتُ، فَاغْفِرْ لِي مَا قَدَّمْتُ وَمَا أَخَّرْتُ، وَمَا أَسْرَرْتُ وَمَا أَعْلَنْتُ، أَنْتَ الْمُقَدِّمُ وَأَنْتَ الْمُؤَخِّرُ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ.

**تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن**

ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنى باشقۇرۇپ تۇرغۇچىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ پادىشاھىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكىلەرنىڭ نۇرىسەن. جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەن

ھەقسەن، ۋەدىلىرىڭ ھەق، سۆزۈڭ ھەق، سەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىز ھەق، جەننەت ھەق، دوزاخ ھەق، قىيامەت ھەق، پەيغەمبەرلەر ھەق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا بويسۇندۇم، ساڭا يۆلەندىم، ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم، ساڭا قايتتىم، سېنىڭ ئۈچۈن دەۋالاشتىم ۋە ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئىلگىرى قىلغان ۋە

كېيىن قىلغان، ئاشكارا قىلغان ۋە يوشۇرۇن قىلغان جىمى گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن. سېنىڭ باشلىنىشىڭ يوق، سەن مەڭگۈلۈكسەن، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر»[1].

**ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا**

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ وَحْدَهُ وَالصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى مَنْ لاَ نَبِيَّ بَعْدَهُ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا يالغۇز ئاللاھقىلا مەنسۇپتۇر، دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن».

2. أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ.

اَللّٰهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلاَيَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ. (بىر قېتىم ئوقۇلىدۇ).

3. بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ قُلْ هُوَ اللّٰهُ أَحَدٌ. اَللّٰهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ

يُولَدْ.وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ. (ئۇچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

4. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ . مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

5. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَٰهِ النَّاسِ. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي

صُدُورِ النَّاسِ. مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

6. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلَّهِ، ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلَّهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ) وَالْحَمْدُ لِلَّهِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. رَبِّ أَسْأَلُكَ خَيْرَ مَا فِي هَذَا الْيَوْمِ وَ خَيْرَ مَا بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى «هَذِهِ اللَّيْلَةِ وَخَيْرَ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ.) وَأَعُوذُ بِكَ

مِنْ شَرِّ مَا فِي هٰذَا الْيَوْمِ وَ شَرِّ مَا بَعْدَهُ (ئاخشاملىرى « هٰذِهِ اللَّيْلَةِ وَشَرِّ مَا بَعْدَهَا» دەپ ئوقۇلىدۇ) رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكَسَلِ وَسُوءِ الْكِبَرِ. رَبِّ أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابٍ فِي النَّارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ.

تەرجىمىسى: «بىز تاڭ ئاتقۇزدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ بولغان ھالدا تاڭ ئاتتى، (بىز كەچ قىلدۇق، بارچە پادىشاھلىق ئاللاھقا مەنسۇپ

بولغان هالدا كەچ كىردى)، پۈتۈن
ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر.
ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ
يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ
شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە
ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ
ھەممە نەرسىگە كۈچى
يەتكۈچىدۇر. پەرۋەردىگارىم! بۇ
كۈننىڭ ۋە كېيىنكى كۈننىڭ
ياخشىلىقىنى تىلەيمەن، (بۇ

كىچىنەك ۋە كىيىنكى سىنىك ياخشىلىقنى تىلەيمەن)، ساڭا سېغىنىپ بۇ كۈننىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن ياناھ تىلەيمەن، (بۇ كېچىنىڭ ۋە كېيىنكىسىنىڭ يامانلىقىدىن ياناھ تىلەيمەن). پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ ھورۇنلۇقتىن، قېرىلىقنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. پەرۋەردىگارىم! ساڭا سېغىنىپ

دۇئاختىكى ئازابتىن ۋە قەبردىكى ئازابتىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

7. اَللّٰهُمَّ بِكَ أَصْبَحْنَا، وبِكَ أَمْسَيْنَا، وَبِكَ نَحْيَا، وبِكَ نَمُوتُ وَإِلَيْكَ النُّشُورُ (ئاخشاملىرى «وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ). (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ

---

(1) ئىمام مۇسلىمۇە ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قۇدرىتىڭ بىلەن ئەتىگەن تۇردۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن كەچلىدۇق، سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ياشايمىز ۋە سېنىڭ قۇدرىتىڭ بىلەن ئۆلىمىز، تو‌پلىنىدىغان جاي سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر. (قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ تەرىپىڭدۇر)»[1].

8. اَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَـهَ إِلاَّ أَنْتَ،

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن (پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق

مەندىن ئالغان) ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۆچۈمنىڭ يېتىشچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن باشقا ھېچ كىم مەغپىرەت قىلالمايدۇ. سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى

يوقتۇر»[1].

9. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ أُشْهِدُكَ وَأُشْهِدُ حَمَلَةَ عَرْشِكَ وَمَلاَئِكَتُكَ وَجَمِيعِ خَلْقِكَ أَنَّكَ أَنْتَ اللهُ لاَإِلٰـهَ إِلاَّ أَنْتَ وَحْدَكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ وَأَنَّ مُحَمَّداً عَبْدُكَ وَرَسُولُكَ. (ئۇچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سېنى ۋە سېنىڭ ئەرشىڭنى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆتۈرۈپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەرنى، جىمى پەرىشتىلەرنىڭكى، بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭكى سېنىڭ بىرلا ئاللاھ ئىكەنلىكىڭگە، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئاللاھ يوقلۇقىغا، يالغۇز ئىكەنلىكىڭگە ۋە شېرىكىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سېنىڭ بەندەڭ

ۋە پەيغەمبىرىڭ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولغان ھالدا تاڭ ئاتقۇزدۇم»[1].

10. اَللّٰهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي (ئاخشاملىرى: «مَا اَمْسَى بِي» دەپ ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَة أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطَانِكَ.

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(ئۆچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).
تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە ( ھەمدە ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر. سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇ سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە

مەرتىبەڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[1].

11. اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلٰهَ إِلاَّ أَنْتَ.

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن

باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر»[1].

12. حَسْبِيَ اللهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ. (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم،

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئالLاھتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[1].

13. اَللَّهُمَّ إِنِي أَسأَلُكَ الْعَافِيَةَ في الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسأَلُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ في دِينِي وَدُنْيَايَ وَأَهْلِي وَمَالِي. اَللَّهُمَّ

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 129- ئايەت.

اسْتُرْ عَوْرَاتِي وَآمِنْ رَوْعَاتِي اَللَّهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ وَمِنْ خَلْفِي وَعَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي وَمِنْ فَوْقِي وَأَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ أَنْ أُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەتلىك تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن مەغپىرەت ۋە دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئائىلەمدە، پۇل-مېلىمدا ئاپىيەت تىلەيمەن. ئى

ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى يوٛرگىن،
قورقۇنچلىرىمنى خاتىرجەملىككە
ئايلاندۇرۇپ بەرگىن. ئى ئاللاھ!
مېنى ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ
تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە
ئۈستى تەرىپىمدىن قوغدىغىن.
سېنىڭ ئۇلۇغلۇقىڭغا سېغىنىپ
ئاستى تەرىپىمدىن سۈيىقەستكە

ئۇچرىشمىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

14. اَللّٰهُمَّ عَالِمَ الغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ، فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ، رَبَّ كُلِّ شَيْءٍ وَمَلِيكَهُ أَشْهَدُ أَن لاَ إِلَه إِلاَّ أَنْتَ أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ نَفْسِي وَمِنْ شَرِّ الشَّيْطَانِ وَشِرْكِه وَأَنْ أَقْتَرِفَ عَلَى نَفْسِي سُوءًا أَوْ أَجُرَّهُ إِلَى مُسْلِمٍ.

تەرجىمىسى: «ئى يوشۇرۇن ۋە

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ئاشكارا ھەممىنى بىلگۈچى،
ئاسمان- زېمىن ۋە ھەر شەيئىنىڭ
ياراتقۇچىسى ھەم ئىگىسى ئاللاھ!
سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ
يوقلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ساڭا
سىغىنىپ نەپسىمنىڭ يامانلىقىدىن،
شەيتان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ
يامانلىقىدىن، ئۆزۈمگە زۇلۇم
قىلىشىمدىن ياكى بىرەر مۇسۇلمانغا
يامانلىق قىلىشىمدىن پاناھ

تىلەيمەن»[1].

15. بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر»[1].

**16.** رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وبِالْإِسْلَامِ دِيْناً، وَبِنَبِيِّنَا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً وَرَسُولاً. (ئۈچ قېتىم).

**تەرجىمىسى:** «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئەلەيھسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[1].

17. سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ. (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىننەتلىرىچە، ئۇنىڭ

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

سـۆزلىرنى يېزىــشقا يېتەرلىك سـىيالارغىچە ۋە ئـۆزى مەمنـۇن بــولغىچە ھەمــدۇ ســاناغا لايىقتۇر»[1].

18. اَللَّهُــمَّ إِنِّــي أَسْــأَلُكَ عِلْمــاً نَافِعــاً، وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً. (ئەتىگەندە ئۆچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمـــسى: «ئـــى ئـــاللاھ!

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

سىڭگەندىن مەنپەئەتلىك ئىلىم، ھالال رىزىق ۋە دەرگاھىڭدا قوبۇل بولىدىغان ئەمەلنى تىلەيمەن»[1].

19. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. (10 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «يالغۇز بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق،

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇنىڭ شېرىكى يوق. پادىشاھلىق، ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر. ئۇ ھەممىگە كۈچى يەتكۈچى زاتتۇر»[1].

## ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

1. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: «پەيغەمبەر

---

(1) ئەبۇداۋۇد، ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

ئەلەيھىسسالام ھەر ئاخشىمى ياتاق جايىغا بارغىنىدا، ئىككى ئالقىنىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرۇپ، مۇنۇ سۈرىلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا سۈفلەيتتى:

بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُواً أَحَدٌ (3 قېتىم).

بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ . مِن شَرِّ مَا خَلَقَ . وَمِن شَرِّ غَاسِقٍ

إِذَا وَقَبَ . وَمِن شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِن شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ (3 قېتىم ئوقۇلىدۇ).

بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَٰهِ النَّاس. مِن شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّاسِ . مِنَ الْجِنَّةِ وَ النَّاسِ (ئۈچ قېتىم).

ئاندىن ئىككى ئالقىنى بىلەن بەدىنىنىڭ قولى يەتكەن يېرىنىڭ

ھەممىسىنى ئۆچ قېتىمدىن سىلاپ چىقاتتى. ئالدى بىلەن بېشىنى، ئاندىن يۈزىنى ۋە بەدىنىنىڭ ئالدى تەرىپىنى سىلايتتى»[1].

2. ﴿اَللّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاء وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَيَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «كىمكى ياتىدىغان ۋاقتىدا ئايەتۇلكۇرسىنى ئوقۇيدىكەن، ئاللاھتىن بىر قوغدىغۇچى پەرىشتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقۇچىلىك شەيتان

يپقنلشالمايدۇ»[1].

3. آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ
وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ
وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ
سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ
. لاَ يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْساً إِلاَّ وُسْعَهَا لَهَا مَا
كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لاَ
تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْراً كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ
مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ
وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا
فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ.

**تەرجىمىسى:** «پەيغەمبەر
پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن
چۈشۈرۈلگەن كىتابقا ئىمان
كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان
كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ

پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى (ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي) ئايرىۋەتمەيمىز» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز دەۋىتىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئەمرىڭگە ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى

تىلەيمىز، ئاخىر قايتىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.
ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۆزىگىدۇر، يامانلىقىمۇ ئۆزىگىدۇر. ئۇلار: «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنۇتساق ياكى خاتالاشساق (يەنى ئۇنۇتۇش ياكى سەۋەنلىك

سەۋەبدىن ئەمرىڭنى ئورۇنلىيالمساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭدەك بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن، پەرۋەردىگارىمىز، كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن. بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ

ئىگىمىزسەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن»[1].

4. بِاسْمِكَ رَبِّي وَضَعْتُ جَنْبِي، وَبِكَ أَرْفَعُهُ، إِنْ أَمْسَكْتَ نَفْسِي فَارْحَمْهَا، وَإِنْ أَرْسَلْتَهَا فَاحْفَظْهَا بِمَا تَحْفَظُ بِهِ عِبَادَكَ الصَّالِحِيْنَ.

**تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم!**

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 285- 286- ئايەتلەر.

سىنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆزۈمنى يەرگە قويدۇم ۋە نامىڭ بىلەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن، ئەگەر جېنىمنى ئالماقچى بولساڭ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئەگەر ئۇنى ماڭا قايتا ئاتا قىلماقچى بولساڭ، ئۇنى ئۆلگىلىك بەندىلىرىڭنى ساقلايدىغان ئىنايىتىڭ بىلەن ساقلىغىن»[1].

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

5. اَللَّهُمَّ خَلَقْتَ نَفْسِي وَأَنْتَ تَوَفَّاهَا. لَكَ مَمَاتُهَا وَمَحْيَاهَا. إِنْ أَحْيَيْتَهَا فَاحْفَظْهَا، وَإِنْ أَمَتَّهَا فَاغْفِرْ لَهَا. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ الْعَافِيَةَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! جېنىمنى سەن ياراتتىڭ، ئۇنى يەنە سەن ئالىسەن. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ماماتى ساڭا ئائىتتۇر. ئەگەر جېنىمنى ھايات قويماقچى بولساڭ ئۇنى ساقلىغىن، ئەگەر ئۆلتۈرمەكچى

بولساڭ ئۈنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! مەن سىنىڭدىن ئامانلىق تىلەيمەن»[1].

6. يَاحَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ، أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ وَلَا تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ.

تەرجىمىسى: «ئى ھەممىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

تۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ ھالىمنى پۈتۈنلەي ياخشىلىغىن ۋە مېنى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىكمۇ ئۆز ھالىمغا قويۇپ بەرمىگىن»[1].

7. رَبِّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ.(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! بەندىلىرىڭنى تىرىلدۈرىدىغان

(1) ھاكىم رىۋايىتى.

قىيامەت كۈنىدە مېنى ئازابىڭدىن ساقلىغىن»[1].

8. بِاسْمِكَ اَللَّهُمَّ أَمُوْتُ وَأَحْيَا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئۆلىمەن ۋە نامىڭ بىلەن تىرىلىمەن»[2].

9. سُبْحَانَ اللَّهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَاللَّهُ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

أَكْبَرُ.

ئالدىنقى ئىككىسى 33 قېتىمدىن، ئاخىرقىسى 34 قېتىم ئوقۇلىدۇ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ئەڭ بۈيۈكتۇر»[1].

10. اَللَّهُمَّ رَبَّ السَّمٰوَاتِ السَّبْعِ وَرَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ رَبَّنَا وَرَبَّ كُلِّ شَيْءٍ، مُنْزِلَ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

التَّوْرَاة وَالْإِنْجِيلِ وَالْقُرْآنِ، فَالِقُ الْحَبِّ وَالنَّوَى، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، أَعُوْذُ بِكَ مِنْ شَرِّ كُلِّ شَيْءٍ أَنْتَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِه، أَنْتَ الْأَوَّلُ لَيْسَ قَبْلَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْآخِرُ لَيْسَ بَعْدَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الظَّاهِرُ لَيْس فَوْقَكَ شَيْءٌ، وَأَنْتَ الْبَاطِنُ لَيْسَ دُونَكَ شَيْءٌ، اِقْضِ عَنَّا الدَّيْنَ وَاغْنِنَا مِنَ الْفَقْرِ.

تەرجىمىسى: «ئى يەتتە قات ئاسمان بىلەن ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى، بىزنىڭ ۋە پۈتۈن

كائىناتنىڭ پەرۋىشچىسى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى چۈشۈرگۈچى، ئۇرۇق ۋە دانلارنى ياراتقۇچى ئاللاھ! سېنىڭدىن بۆلەك ھەقىقىي مەبۇد بەرھەق يوقتۇر. ساڭا سېغىنىپ، سېنىڭ ئىلكىڭدە بولغان ھەر نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! سەن قەدىمسەن سېنىڭدىن ئىلگىرى ھېچ نەرسە يوق، مەڭگۈلۈكسەن

سىنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە باقى ئەمەس، قۇدرىتىڭ بىلەن ئاشكارىسەن، سېنىڭدىن ئوچۇق شەيئى يوق، كۆز بىلەن كۆرۈشكە مەخپىسەن، سېنىڭدىن مەخپىي شەيئى يوق، بىزنى قەرزدارلىقتىن قۇتقۇزغىن ۋە پېقىرلىقتىن ئازات قىلغىن»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

11. الْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا، وَكَفَانَا وَآوَانَا. فَكَمْ مِمَّنْ لاَ كَافِيَ لَهُ وَلاَ مُؤْوِيَ.

تەرجىمىسى: «ھەمدۇ سانالار بىزنى غىزالاندۇرغان، سۇغارغان، ئېھتىياجىمىزنى تولۇقلاپ بەرگەن ۋە بىزگە پاناھ بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر. قانچىلىغان كىشىلەر باركى، ئۇلار نە ئېھتىياجلىرىنى قامداشتىن، نە پاناھگاھتىن

مەھرۇمدۇر»[1].

12. اَللَّهُمَّ أَسْلَمْتُ نَفْسِي إِلَيْكَ، وَفَوَّضْتُ أَمْرِي إِلَيْكَ، وَوَجَّهْتُ وَجْهِي إِلَيْكَ، وَأَلْجَأْتُ ظَهْرِي إِلَيْكَ، رَغْبَةً وَرَهْبَةً إِلَيْكَ، لاَمَلْجَأَ وَلاَمَنْجَا مِنْكَ إِلاَّ إِلَيْكَ. آمَنْتُ بِكِتَابِكَ الَّذِي أَنْزَلْتَ، وَبِنَبِيِّكَ الَّذِي أَرْسَلْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! جېنىمنى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ساڭا ئامانەت قىلدىم، ئىشلىرىمنى ساڭا تاپشۇردۇم، يۈزۈمنى ساڭا قاراتتىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ساۋابىڭدىن ئۈمىتلەنگەن ۋە ئازابىڭدىن قورققان ھالدا ساڭا بېغىشلىدىم، ساڭا قايتىشتىن باشقا پاناھلىنىدىغان ۋە قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان جاي يوقتۇر، چۈشۈرگەن كىتابىڭغا ۋە ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە ئىمان

كەلتۈردۇم»[1].

ئۈيقۇغا بارغان كىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مۇشۇ دۇئادىن ئىبارەت بولىدۇ.

## توي تەبرىكلەشتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بَارَكَ اللَّـهُ لَكَ وَبَارَكَ عَلَيْكَ وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِي خَيْرٍ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «سىزگە مۇبارەك بولسۇن، ئاللاھ سىلەرگە تەۋە نەرسىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن ۋە ئىككىڭلارنى ياخشىلىق ئىچىدە بىرلەشتۈرسۇن»[1].

خوتۇن ياكى خىزمەتچى ياكى ئۇلاغ ئالغاندا ئوقۇيدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهَا وَمِنْ شَرِّ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سەن ئۇنىڭ خاراكتېرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنلەرنىڭ

يامانلىقدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمە»[1].

ئەر ـ ئايال يېقىنچىلىقدىن ئىلگىرى ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ جَنِّبْنَا الشَّيْطَانَ وَجَنِّبِ الشَّيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن ۋە بىزگە

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتتىن شەيتاننى يىراق قىلغىن»[1].

## ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهِ وَعِقَابِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ، وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كەلىملىرىگە سىغىنىپ، ئۇنىڭ غەزىبىدىن ۋە ئازابىدىن، بەندىلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## چۈشكەن ئۆيدىكى جانۋارلارنىڭ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ.

تەرجىمىسى: « ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

قورقۇنچلۇق ياكى يامان چۈش

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## كۆرگەندە قانداق قىلىش كېرەك؟

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «ياخشى چۈش ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولىدۇ. سىلەرنىڭ بىرىڭلار ياخشى چۈش كۆرسە، ئۇنى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يېقىن كىشىسىگىلا ئېيتسۇن؛ ئەگەر قورقۇنۇشلۇق چۈش كۆرسە ئۇنى ھېچكىمگە دېمىسۇن،

سول تەرىپىگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرسۇن ۋە ئاللاھقا سېغىنىپ كۆرگەن نەرسىسىنىڭ ۋە شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن. شۇنداق قىلسا ئۇنىڭ كۆرگەن يامان چۈشى ئۇنىڭغا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ»[1].

قۇنۇت دۇئاسى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

1. اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْتَعِينُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ وَنُثْنِي عَلَيْكَ الْخَيْرَ نَشْكُرُكَ وَلاَ نَكْفُرُكَ وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَخْضَعُ لَكَ وَنَخْلَعُ مَنْ يَكْفُرُكَ . اَللّٰهُمَّ إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ نُصَلِّي وَنَسْجُدُ وَإِلَيْكَ نَسْعَى وَنَحْفِدُ وَنَرْجُو رَحْمَتَكَ نَخْشَى عَذَابَكَ إِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ مُلْحِقٌ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ياردەم سورايمىز، سەندىن مەغپىرەت تىلەيمىز، سېنىڭ

ياخشىلىقىڭنى مەدھىيىلەيمىز، ساڭا شۈكۈر قىلىمىز، كۈيۈپ‌ۈرلۈق قىلمايمىز، ساڭا ئىشىنىمىز، ساڭا ئىتائەت قىلىمىز ۋە ساڭا ئىنكار قىلغانلاردىن يۈز ئۆرۈيمىز. ئى ئاللاھ! ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز، سېنىڭ ئۈچۈنلا ناماز ئوقۇيمىز ۋە سەجدە قىلىمىز، سېنىڭ رازىلىقىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىمىز ۋە ئالدىرايمىز، رەھمىتىڭنى تىلەيمىز،

ئازابىڭدىن قورقىمىز. ھەقىقەتەن سېنىڭ ئازابىڭ كۇففارلارغا چۇشكۇچىدۇر»[1].

2. اَللّٰهُمَّ اهْدِنِي فِيْمَنْ هَدَيْتَ ، وَعَافِنِي فِيْمَنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيْمَنْ تَوَلَّيْتَ ، وَبَارِكْ لِي فِيْمَا أَعْطَيْتَ ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ فَإِنَّكَ تَقْضِي وَلاَ يُقْضَى عَلَيْكَ ، إِنَّهُ لاَ يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ، وَلاَ يَعِزُّ مَنْ

---

(1) بەيھەقى رىۋايىتى.

عادَيْتَ، تَبارَكْتَ رَبَّنا وَتَعالَيْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى سەن ھىدايەت قىلغانلار قاتارىدا ھىدايەتكە باشلىغىن، ماڭا سەن ساقلىق ئاتا قىلغانلار قاتارىدا ساقلىق ئاتا قىلغىن، مېنى سەن ھىمايە قىلغانلار قاتارىدا ھىمايە قىلغىن، بەرگەن نېمەتلىرىڭدە ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ شەررىدىن مېنى

ساقلىغىن. ھەقىقەتەن سەن مۇتلەق خاھىش ئىگىسىسەن. ساڭا شېرىك بولغۇچى يوقتۇر. سەن ئەزىز قىلغان خورلانمايدۇ، سەن خورلىغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىسەن»[1].

ۋىتىر نامىزىدىن كېيىن

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

# ئۇقۇلىدىغان دۇئا

سُبُّوحٌ قُدُّوسٌ رَبُّ الْمَلَائِكَةِ وَالرُّوحِ.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «مۇقەددەس پادىشاھ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە جىبرىئىلنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ پاكتۇر»[1].

يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان

---

(1) نەسائىي ۋە دارى قۇتنى رىۋايىتى.

صَيِّبًا نَافِعًا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنى بىزگە پايدىلىق قىلىپ بەرگىن»[1].

يامغۇر بەك كۆپ يېغىپ كەتكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ حَوَالَيْنَا وَلاَ عَلَيْنَا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ئەمەس، بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ياغدۇرغىن»[1].

چاقماق چىقىپ گۈلدۈرماما بولغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ لاَ تَقْتُلْنَا بِغَضَبِكَ وَلاَ تُهْلِكْنَا بِعَذَابِكَ وَعَافِنَا قَبْلَ ذَلِكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنى

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

غەزىپتىن ئۆلتۈرمىگىن، ئازابىڭ بىلەن ھالاك قىلمىغىن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە سالامەتلىك بەرگىن»[1].

قاتتىق شامال چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ مِنْ خَيْرِ هٰذِهِ الرِّيحِ وَمِنْ خَيْرِ مَا فِيهَا وَمِنْ خَيْرِ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ هَذِهِ الرِّيحِ وَمِنْ شَرِّ مَا فِيهَا وَمِنْ شَرِّ مَا أُرْسِلَتْ بِهِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىز سەندىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقلاردىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن سورايمىز، ساڭا سىغىنىپ بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇنىڭدىكى يامانلىقلاردىن ۋە ئۇنىڭ بىلەن

ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز»[1].

يېڭى تۇغقان ئاينى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ أَهْلِلْهُ عَلَيْنَا بِالْيُمْنِ وَالْإِيمَانِ وَالسَّلاَمَةِ وَالْإِسْلاَمِ رَبِّى وَرَبُّكَ اللّٰهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە بۇ ئاينى تىنچلىق- ئامانلىق، ئىمان،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىسلام ۋە بەرىكەتلىك ئاي قىلىپ بەرگىن. ئى ئاي! سېنىڭ ۋە مېنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھتۇر»[1].

## مېۋىنىڭ دەسلىپىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِى ثَمَرِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِى مَدِينَتِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِى صَاعِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِى مُدِّنَا.

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە مېۋىلىرىمىزدە بەرىكەت ئاتا قىلغىن، بىزگە يۇرتىمىزنى باياشات قىلىپ بەرگىن، بىزگە سالىرىمىز(ئۆلچەم بىرلىكىمىز)دا بەرىكەت بەرگىن، بىزگە مۇدلىرىمىز (ئۆلچەم بىرلىكىمىز)دا بەرىكەت بەرگىن»[1].

ئەينەككە قارىغاندا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ أَحْسَنْتَ خَلْقِي فَأَحْسِنْ خُلُقِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى چىرايلىق ياراتقىنىڭدەك ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلغىن»[1].

## بىرەر مۇسۇلماننىڭ كۆلگەنلىكىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

أَضْحَكَ اللَّهُ سِنَّكَ.

**تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزنى ھەمىشە مۇشۇنداق خۇشال قىلسۇن»[1].**

بىراۋ «سىزنى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىمەن» دېگەندە دېيىلىدىغان دۇئا

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

أَحَبَّكَ الَّذِي أَحْبَبْتَنِي لَهُ.

تەرجىمىسى: «سىز مېنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن زات(ئاللاھ) سىزنىمۇ ياخشى كۆرگەي»[1].

تىنچ قوپۇپسىزمۇ؟

دېيىلگەندە دېيىلىدىغان دۇئا

أَصْبَحْتُ بِخَيْرٍ أَحْمَدُ اللَّهَ.

تەرجىمىسى: «ياخشى تۇردۇم،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر قىلمەن»[1].

## چۈشكۈرگەندە دېيىلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرىڭلار چۈشكۈرگەندە، (اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ- ئاللاھقا شۈكۈر) دېسۇن، بۇنى ئاڭلىغان كىشى، (يَرْحَمُكَ اللّٰهُ- ئاللاھ سىزگە

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

رەھمەت قىلسۇن) دېگەندە، چۈشكۈرگۈچى ئۇنىڭغا، (يَهْدِيكُمُ اللَّهُ وَيُصْلِحْ بَالَكُمْ- ئالالاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ھالىڭلارنى ياخشىلىسۇن» دېسۇن»[1].

بىرەر ئاغرىقىقا دۇچار بولغان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

ئوسمان ئىبنى ئەبۇل ئاستىن

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ بەدىنىدىكى بىر ئاغرىقتىن دەرتلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «بەدىنىڭنىڭ ئاغرىغان يېرىگە قولۇڭنى قويۇپ تۇرۇپ: بِاسْمِ اللّٰهِ- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن...) نى ئۈچ قېتىم ئېيتقىن، ئاندىن، أَعُوذُ بِاللّٰهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّ مَا أَجِدُ وَأُحَاذِرُ-

مەن ھېس قىلىۋاتقان ۋە ھەزەر قىلىۋاتقان ئاغرىقنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن»دېگەننى يەتتە قېتىم ئوقۇغىن»[1].

## بىرەر مۇسۇلماننىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لَنَا وَلَهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن»[1].

## قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ الْعَظِيْمُ الْحَلِيْمُ. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّـهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ. لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللَّـهُ رَبُّ السَّمَاوَاتِ وَرَبُّ الأَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ

---

(1) مشكات شەرىفتىن.

الْكَرِيْمِ.
تەرجىمىسى: «ئاسىيلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ

يوقتۇر»[1].

## غەم ـ قايغۇ باسقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. اَللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ وَابْنُ عَبْدِكَ وَابْنُ أَمَتِكَ نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ، سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَداً مِنْ خَلْقِكَ، أَوْ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

اِسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي وَنُورَ صَدْرِي وَجَلاَءَ حُزْنِي وذِهَابَ هَمِّي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن، قۇلۇڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلىمەن، تەقدىرىم سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. مېنىڭ ئۈچۈن تەقدىر قىلغانلىرىڭ ھەر زامان يۈرگۈچى ۋە ئادالەتلىكتۇر. ئى ئاللاھ! ئۆزۈڭ شۇنداق ئاتىغان

ياكى كىتابلىق ئارقىلىق چۈشۈرگەن
ياكى بەندىلىرىڭىدىن بىرەرسىگە
بىلدۈرگەن ياكى ئۆز
دەرگاھىڭدىكى غەيبلەر قاتارىدا
بىزلەرگە بىلدۈرمىگەن بارچە
ئىسىملىرىڭنى ۋاسىتە قىلىپ
سەندىن قۇرئاننى كەرمىنى
كۆڭلۈمنىڭ باھارى، قەلبىمنىڭ
نۇرى، قايغۇلىرىمنى يوق قىلغۇچى
ۋە ئەندىشىلىرىمنى كەتكۈزگۈچى

قىلىشتىن ساقلىغىن» [1].

2. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، غەم- قايغۇدىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن،

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ قەھرىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## دۈشمەنگە يولۇققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ إِنَّا نَجْعَلُكَ فِي نُحُورِهِمْ وَنَعُوذُ بِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇلارنى سېنىڭ جازايىڭغا تاپشۇردۇق، ساڭا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سىغىنىپ ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمىز»[1].

خەۋپ ياكى تەھدىتكە ئۇچرىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

حَسْبُنَا اللّٰهُ وَنِعْمَ الْوَكِيلُ (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئاللاھ بىزگە كۇپايە، ئۇ ئەڭ ياخشى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

مەدەتكاردۇر»[1].

## دۈشمەنگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. اَللّٰهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ، سَرِيعَ الْحِسَابِ، اهْزِمْهُمْ وَزَلْزِلْهُمْ.

تەرجىمىسى: «ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، ھېسابنى تېز ئالغۇچى ئاللاھ! دۈشمەنلىرىمىزنى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مەغلۇب قىلغىن ۋە ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلۋەتكىن»[1].

2 . اللَّهُمَّ مُنْزِلَ الْكِتَابِ وَمُجْرِيَ السَّحَابِ وَهَازِمَ الأَحْزَابِ، اهْزِمْهُمْ وَانْصُرْنَا عَلَيْهِمْ.

تەرجىمىسى: «ئى كىتابنى چۈشۈرگۈچى، بۇلۇتلارنى يۈرگۈزگۈچى ۋە بىرلەشكەن

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

دۇشمەننى يەڭگۈچى ئاللاھ! ئۇلارنى يەڭگىن ۋە ئۇلار ئۈستىدىن بىزگە غەلىبە ئاتا قىلغىن»[1].

## ئىماندا شەك پەيدا بولۇپ قالغان كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

## 1. «ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ۋەسۋەسسەدىن پاناھ تىلەيدۇ»[1].

2. «شەك قىلغان نەرسىسىدىن توختايدۇ»[2].

3. «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم، دەپ ئىمانىنى يېڭىلايدۇ»[3].

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(3) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ لاَ سَهْلَ إِلاَّ مَا جَعَلْتَهُ سَهْلًا، وَأَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ سَهْلاً إِذَا شِئْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن ئاسان قىلمىغىچە ئاسانلىق يوق، سەن خالىساڭ قىيىنچىلىقنى ئۇڭايلىققا ئۆرۈپ بېرسەن»[1].

---

(1) ئىبنى ھەببان رىۋايىتى.

## غەزەبنى قانداق يېڭىش كېرەك؟

أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزئارا جېدەللىشىپ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

غەزەبتتن يۇزلىرى قىزىرىپ كەتكىننى كۆرۈپ مۇنداق دېگەن: «مەن ئۇلارنى غەزەبتتن قايتۇرىدىغان بىر سۆزنى بىلىمەنكى، ئەگەر ئۇلار: أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ. دېسە ئىدى، ئاچچىقلىرى يېنىپ كەتكەن بولاتتى»[1].
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

مۇنــــداق دېـــگەن: «غەزەپ شـەيتاندىندۇر. شـەيتان ئـوتتىن يارىتىلغان. ئوتنى پەقەت سۇ بىلەنلا ئـۆچۈرگىلى بولـىدۇ. سـىلەر بـىرەر ئـىشقا غەزەپلەنـگەن ۋاقـىتىڭلاردا دەرھال تاھارەت ئېلىڭلار»[1].

قەرزدارلىقتىن قۇتۇلۇش
ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

1. اَللَّهُمَّ اكْفِنِي بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ، وَاغْنِنِي بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى ھالال رىزقىڭ بىلەن ھارامدىن بىھاجەت قىلغىن، ئۇلۇغ پەزلىڭ بىلەن مېنى باشقىلارغا مۇھتاج بولۇشتىن بىھاجەت قىلغىن»[1].

2. اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

وَالْحَزَنِ، وَالْعَجْزِ وَالْكَسَلِ، وَالْبُخْلِ وَالْجُبْنِ، وَضَلَعِ الدَّيْنِ وَغَلَبَةِ الرِّجَالِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ غەم- قايغۇدىن، كۆڭۈلسىزلىكتىن، ئاجىزلىقتىن، ھورۇنلۇقتىن، بېخىللىقتىن، قورقۇنچاقلىقتىن، قەرزدارلىقتىن ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ

تلەيمەن»[1].

## كىچىك باللارغا ئوقۇلىدىغان دۇئا

أُعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ، مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وهَامَّةٍ، وِمنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ ھەرقانداق شەيتانىنىڭ ۋە زىيانلىق مەخلۇقنىڭ شەررىدىن ۋە

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ھەرقانداق يامان كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## تائامدىن ئاۋۋال ئېيتىلىدىغان زىكىر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر تائام يېيىش ئالدىدا ‹بىسمىللاھ› دەڭلار، ئەگەر تائامدىن ئاۋۋال ئۇنۇتقان

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بولساڭلار، ئىسسىقلارغا كەلگەن
هامان بِسْمِ اللهِ فِي أَوَّلِهِ وَ آخِرِهِ-
ئاۋۋال ۋە ئاخىر ئاللاھنىڭ نامى
بىلەن باشلىدىم، دەڭلار»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ
ئالدىغا تائام كەلتۈرۈلگەندە: اَللَّهُمَّ
بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ بِسْمِ
اللّهِ- ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن ۋە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغايسەن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ... دەيتتى»[1].

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تائامنىڭ ھەققى بِسْمِ اللَّهِ اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيْمَا رَزَقْتَنَا- ئاللاھنىڭ نامى

---

(1) ئىبنۇسسۇننىي رىۋايىتى.

بىلەن، ئى ئاللاھ! بىزگە ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت بەرگەيسەن، دېيىشتۇر»[1].

## تائامدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. اَلْحَمْدُ لِلَّـهِ الَّذِي أَطْعَمَنِي هٰذَا وَرَزَقَنِيهِ مِنْ غَيْرِ حَوْلٍ مِنِّي وَلاَ قُوَّةٍ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

مەن ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلماستىن، مېنى بۇ تائام بىلەن غىزالاندۇرغان ۋە ئۇنى ماڭا رىزىق قىلىپ ئاتا قىلغان ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1].

2. اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِي أَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مِنَ الْمُسْلِمِيْنَ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىزنى غىزالاندۇرغان، بىزنى سۇغارغان ۋە بىزنى مۇسۇلمانلاردىن قىلغان ئاللاھقا خاستۇر ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىمەن»[1].

3. اللَّهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيهِ وَأَطْعِمْنَا خَيْرًا مِنْهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزگە

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

بۇنىڭدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن ۋە بىزنى بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى بىلەن رىزىقلاندۇرغىن»[1].

## ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. ذَهَبَ الظَّمَأُ وَابْتَلَّتِ الْعُرُوقُ وَثَبَتَ الْأَجْرُ إِنْ شَاءَ اللّٰهُ.

**تەرجىمىسى: «ئۇسسۇزلۇق**

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

كەتتى، تومۇرلار سوغۇرۇلدى. ئاللاھ خالىسا ساۋاب پۈتۈلدى»[1] .

2. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِرَحْمَتِكَ، الَّتِي وَسِعَتْ كُلَّ شَيْءٍ أَنْ تَغْفِرَ لِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سېنىڭ ھەممىگە كەڭ بولغان چەكسىز رەھمىتىڭگە سېغىنىپ مېنى

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

مەغپىرەت قىلىشىڭنى تىلەيمەن»[1].

ئىپتارغا چاقىرىلغان ئۆيدە ئوقۇلىدىغان دۇئا

أَفْطَرَ عِنْدَكُمُ الصَّائِمُونَ وَأَكَلَ طَعَامَكُمُ الأَبْرَارُ، وَتَنَزَّلَتْ عَلَيْكُمُ الْمَلائِكَةُ.

تەرجىمىسى: «سىلەردە روزىدارلار ئىپتار قىلدى، تائاملىرىڭلارنى ياخشىلار يېدى ۋە پەرىشتىلەر

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

سلەرگە مەغپىرەت تىلدى»[1].

## مەجلىستىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

سُبْحَانَكَ اَللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، جىمى ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر. سەندىن مەغپىرەت تىلەيمە ۋە ساڭا تەۋبە قىلىمەن»[1].

## سالام بېرىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر- بىرىڭلارنى

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

سۆيمگچە مۆمن بولالمايسلەر. سـلەرگە بـر- بـرىڭلارنـى سـۆيدىغان ئـشنى كۆرسـتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇنـداقتا ئـاراڭلاردا بـر- بـرىڭلارغـا سـالام بېرىشـنى ئومۇملاشتۇرۇڭلار»[1].

پـەيغەمـبـەر ئـەلـەيـھىسسالام بـر ساھابىنىڭ ئەمەللەرىنىڭ قايسىسى

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەۋزەل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن: «پېقىرلارغا تائام بېرىشىڭ، سەن تونۇيدىغان ۋە تونۇمايدىغانلارنىڭ ھەممىسگە سالام بېرىشىڭدۇر»[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئارا ئۇچراشقىنىدا بىر- بىرىگە سالام

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

بىرىشى ئىسلامىي ئەنئەنىلەرنىڭ بىرىدۇر. سالام بەرگۈچى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم (يەنى ئاللاھنىڭ ئامانلىقى سىلەرگە بولسۇن)» دېگەندىن كېيىن، سالامنى قايتۇرغۇچى «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ (يەنى سىلەرگىمۇ ئاللاھنىڭ ئامانلىقى، رەھمىتى ۋە مەغپىرىتى بولسۇن)» دەيدۇ. سالام

بېرىشتە، كىچىكلەر چوڭلارغا، يۈرگۈچىلەر ئولتۇرغۇچىلارغا، قاتناش قۇراللىرى ئۈستىدىكىلەر پىيادىلارغا ۋە ئازلار كۆپلەرگە سالام بېرىدۇ.

غەيرى دىندىكىلەرنىڭ سالىمىنى قانداق قايتۇرۇش كېرەك؟

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەھلى كىتاب

(يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار)سالام قىلسا، «وَعَلَيْكُمْ (سىلەرگىمۇ شۇنداق بولسۇن)» دەڭلار»[1].

ياخشىلىق قىلغان كىشى ئۆچۈن قىلىنىدىغان دۇئا

جَزَاكَ اللّٰهُ خَيْراً.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىزنى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

ياخشى مۇكاپاتلىسۇن»[1].

قاتناش قۇراللىرىغا چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. سُبْحَانَ الَّذِي سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّا لَهُ مُقْرِنِينَ وَإِنَّا إِلَى رَبِّنَا لَمُنقَلِبُونَ.

تەرجىمىسى: «بىزگە بۇنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن زات پاكتۇر، بىز بۇنىڭغا(چىقىشقا)قادىر ئەمەس

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئىدۇق، بىز ھەقىقەتەن
پەرۋەردىگارىمىزنىڭ دەرگاھىغا
قايتقۇچىلارمىز»[1].

2. اَلْحَمْدُ لِلّٰه، اَلْحَمْدُ لِلّٰه، اَلْحَمْدُ لِلّٰه، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، اَللّٰهُ اَكْبَرُ، سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ اِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي فَاغْفِرْلِي فَاِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ اِلاَّ اَنْتَ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا

---

(1) زۇخرۇف سۈرىسى 13- ئايەت.

ئاللاھقا خاستۇر، ھەمدۇ سانا
ئاللاھقا خاستۇر، ھەمدۇ سانا
ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھ ھەممىدىن
بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن
بۈيۈكتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن
بۈيۈكتۇر، ئى ئاللاھ! سەن
پاكتۇرسەن، مەن ئۆزۈمگە زۇلۇم
قىلدىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن،

شۇبھىسىزكى، گۇناھلارنى سەندىن باشقا مەغپىرەت قىلغۇچى يوق»[1].

## سەپەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ إِنَّا نَسْأَلُكَ فِي سَفَرِنَا هَذَا الْبِرَّ وَالتَّقْوىٰ، وَمِنَ الْعَمَلِ مَا تَرْضَىٰ، اَللّٰهُمَّ هَوِّنْ عَلَيْنَا سَفَرَنَا هٰذَا، وَاطْوِ عَنَّا بُعْدَه، اَللّٰهُمَّ أَنْتَ الصَّاحِبُ فِي السَّفَرِ، وَالْخَلِيفَةُ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

فِي اْلاَهْلِ، اَللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ وَعْثَاءِ السَّفَرِ، وَكَآبَةِ الْمُنْقَلَبِ، وَسُوءِ الْمَنْظَرِ فِي اْلاَهْلِ وَالْمَالِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بۇ سەپىرىمىزدە سېنىڭدىن ياخشىلىق بىلەن تەقۋالىقنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەلنى تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! بىزگە بۇ سەپىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلغىن، ئۇنىڭ مۇساپىسىنى يېقىنلاشتۇرۇپ

بەرگىن. ئى ئاللاھ! سەن سەپەردە ھەمراھ، ئەھلىمىزدە ئورۇنباسارسەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سىغىنىپ سەپىرىمىزنىڭ زورلۇقىدىن، چىرايىمىزنىڭ سارغىيىشىدىن، ئائىلەمگە ۋە پۇل- مېلىمغا زىيان- زەخمەت يېتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## سەپەردىن قايتىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

آيِبُونَ تَائِبُونَ، عَابِدُونَ لِرَبِّنَا حَامِدُونَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ تەرەپكە قايتقۇچى، تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى ۋە پەرۋەردىگارىمىزغا ھەمدۇ سانا ئېيتقۇچىلارمىز»[1].

بازارغا كىرگەندە

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئۇقۇلىدىغان دۇئا

لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَـهُ، لَـهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِي وَيُمِيْتُ وَهُوَ حَيٌّ لاَ يَمُوْتُ بِيَدِهِ الْخَيْرُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق. ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرەلەيدۇ، ئۇ ھەمىشە تىرىك بولۇپ ھېچ ئۆلمەيدۇ، پۈتۈن

ياخشىلىق ئۈنىڭ قولىدىدۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۆچى يەتكۈچىدۇر»[1].

يولۇچىنىڭ ئۇزاتقۇچىلارغا قىلىدىغان دۇئاسى

أَسْتَوْدِعُكُمُ اللهَ الَّذِي لاَ تَضِيْعُ وَدَائِعُهُ

تەرجىمىسى: «سىلەرنى قەتئىي يوقالمايدىغان زات- ئاللاھقا

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

ئامانەت قىلىپ تاپشۇردۇم»[1].

## يولۇچىنى ئۇزاتقۇچىلارنىڭ قىلىدىغان دۇئاسى

أَسْتَوْدِعُ اللَّـهَ دِينَكَ وأَمانَتَكَ وخَواتِيْمَ عَمَلِكَ .

تەرجىمىسى: «سېنىڭ دىنىڭنى، ئامانىتىڭنى ۋە ئىشىڭنىڭ خەيرلىك ئاخىرلىشىشىنى ئاللاھقا

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تاپشۇردۇم»[1].

## مېھماننىڭ ساھىبخان ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئاسى

1. اَللَّهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيْمَا رَزَقْتَهُمْ وَاغْفِرْ لَهُمْ وَارْحَمْهُمْ. تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇلارغا ئاتا قىلغان رىزقىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا رەھىم

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلغىن»[1].

2. اَللّٰهُمَّ أَطْعِمْ مَنْ أَطْعَمَنِي وَأَسْقِ مَنْ سَقَانِي.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى غىزالاندۇرغاننى غىزالاندۇرغىن ۋە مېنى سۇغارغاننى سۇغارغىن»[2].

## كېسەل يوقلاشنىڭ پەزىلىتى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.
(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىراۋ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئۈچۈن يولغا چىققىنىدا ئۇ جەننەتنىڭ باراقسان دەرەخلىرى ئارىسىدا يۈرگەن بولىدۇ. ئۇ كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىدا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنى قورشايدۇ. يوقلىغان ۋاقتى ئەتىگەنلىك بولسا، ئۇنىڭغا تا كۈن

پاتقچە يەتمش مىڭ پەرىشتە مەغپىرەت تىلەيدۇ، ئەگەر ئاخشاملىق بولسا، ئۇنىڭغا تاڭ ئاتقىچە يەتمش مىڭ پەرىشتە مەغپىرەت تىلەيدۇ»[1].

كېسەل يوقلىغاندا

ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَسْأَلُ اللّٰهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ أَنْ

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

يَشْفِيْكَ (7قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئۇلۇغ ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق تىلەيمەن»[1].

## ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن بىمارنىڭ دۇئاسى

اَللَّهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَأَلْحِقْنِي بالرَّفِيقِ الْأَعْلَى.

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مېنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھىم قىلغىن، مېنى ھۇزۇرۇڭغا ئېلىپ كەتكىن»[1].

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدا قولنى ھۆل قىلىپ مۇبارەك يۈزنى سىلىدى ۋە «لائىلاھە ئىللەللاھ! ئۆلۈمنىڭ

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سەكراتى باردۇر، دېدى»[1].

## مېيىتقا تەلقىن قىلىش

مېيىت سەكراتتا چۈشكەندە، ئۇنىڭغا: لاَاِلَهَ اِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللهِ دېگەن شاھادەت كەلىمەسى ئوقۇتۇلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بۇ دۇنيادىكى ئاخىرقى

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

سۆزى ‹ لاَاِلَـهَ اِلاَّ اللهُ (لائىلاهە ئىللەللاھ)› بولغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ»[1].

## مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغان ۋاقىتتا ئېيتىلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ اغْفِر لـ «مېيىتنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ»، وَارْفَعْ دَرَجَتَهُ فِي الْمَهْدِيِّينَ، واخْلُفْهُ فِي عَقِبِهِ فِي الْغَابِرِيْنَ، واغْفِرْ لَنَا

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

وَلَهُ يَا رَبَّ الْعَالَمِيْنَ، وَافْسَحْ لَهُ فِي قَبْرِهِ وَنَوِّرْ فِيْهِ

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! (پالانىغا) مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ ياخشىلار قاتارىدىكى دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلغىن، ئۇنىڭ ياخشى نامىنى كېيىنكىلەردە قالدۇرغىن. ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! بىزگە ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى كەڭ ۋە يورۇق

قىلغىن»[1].

## مېيىت نامىزىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. اَللّٰهُمَّ اغْفِرْ لَهُ وَارْحَمْهُ وَعَافِهِ وَاعْفُ عَنْهُ. وَأَكْرِمْ نُزُلَهُ. وَوَسِّعْ مُدْخَلَهُ. وَاغْسِلْهُ بِالْمَاءِ وَالثَّلْجِ وَالْبَرَدِ، وَنَقِّهِ مِنَ الْخَطَايَا كَمَا نَقَّيْتَ الثَّوْبَ الْأَبْيَضَ مِنَ الدَّنَسِ. وَأَبْدِلْهُ دَاراً خَيْراً مِنْ دَارِهِ. وَأَهْلاً

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

خَيْراً مِنْ أَهْلِهِ وَزَوْجَاً خَيْراً مِنْ زَوْجِهِ. وَأَدْخِلْهُ الْجَنَّةَ وَأَعِذْهُ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَمِنْ عَذَابِ النَّارِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، ئۇنىڭغا ئامانلىق ئاتا قىلغىن، ئۇنى كەچۈرگىن، ئۇنىڭ قارارگاھىنى ياخشى قىلغىن، قەبرىسىنى كەڭ قىلغىن، ئاق كىيىمنى كىرلەردىن پاكلىغىنىڭدەك،

ئۇنى سۇ، قار ۋە مۇز بىلەن يۇيۇپ، خاتالىقلىرىدىن پاكلىغىن. ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ئۆيىدىن ياخشىراق قارارگاھ، ئائىلىسىدىن ياخشىراق ئائىلە ۋە جۆرىسىدىن ياخشىراق جۆرە ئاتا قىلغىن. ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگىن، ئۇنى قەبرە ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

2. اَللَّهُمَّ اغْفِرْ لِحَيِّنَا وَمَيِّتِنَا، وَشَاهِدِنَا وَغَائِبِنَا، وَصَغِيْرِنَا وَكَبِيْرِنَا، وَذَكَرِنَا وَأُنْثَانَا، اَللَّهُمَّ مَنْ أَحْيَيْتَهُ مِنَّا فَأَحْيِهِ عَلَى الْإِسْلَامِ ، وَمَنْ تَوَفَّيْتَهُ مِنَّا فَتَوَفَّهِ عَلَى الْإِيْمَانِ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ تىرىكلىرىمىزگە، ئۆلۈكلىرىمىزگە، بۇ نامازغا كەلگەن ۋە كەلمىگەن پۈتۈن دىنداشلىرىمىزغا، كىچىكلىرىمىزگە، چوڭلىرىمىزغا، ئەرلىرىمىزگە، ئاياللىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزدىن كىمنىكى ھايات قالدۇرساڭ ئۇنى ئىسلام بىلەن ياشاتقىن، بىزدىن كىمنىكى ۋاپات قىلدۇرساڭ ئۇنى ئىمان بىلەن ۋاپات قىلدۇرغىن»[1].

## تەزىيەدە ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. إِنَّ لِلَّهِ مَا أَخَذَ وَلَهُ مَا أَعْطَى. وَكُلُّ شَيْءٍ عِنْدَهُ بِأَجَلٍ مُسَمًّى. فَلْتَصْبِرْ

---

(1) تەبەرانى رىۋايىتى.

وَلْتَحْتَسِبْ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئالغان ۋە بەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە ئائىتتۇر. ھەر نەرسىنىڭ ئەجەلى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بەلگىلەنگەندۇر. سەبىر قىلىڭ ۋە ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىت قىلىڭ»[1].

2. عَظَّمَ اللهُ اَجْرَكَ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ (بۇ مۇسىبەت يۈزىسىدىن) ئەجرىڭىزنى زىيادە قىلسۇن!»

مېيىتنى قەبرىگە ئېلىپ كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسْمِ اللهِ وَعَلَى سُنَّةِ رَسُوْلِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى

بويىچە...»[1].

## مېيىتنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ اغْفِرْلَهُ اَللَّهُمَّ ثَبِّتْهُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۇنى

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئىماندا سابىت قىلغىن»[1].

قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

السَّلَامُ عَلَىٰ أَهْلِ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِيْنَ وَالْمُسْلِمِيْنَ وَيَرْحَمُ اللَّهُ الْمُسْتَقْدِمِيْنَ مِنَّا وَالْمُسْتَأْخِرِيْنَ. وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللَّهُ، بِكُمْ لَلاَحِقُونَ أَسْأَلُ اللَّهَ لَنَا وَلَكُمُ الْعَافِيَةَ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

ئامانلىقى بۇ جايدا ياتقان مۆمىن مۇسۇلمانلارغا بولسۇن. بىزدىن ۋاپات بولغانلار ۋە ھايات قالغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئاللاھ رەھىم قىلغاي. بىزمۇ خۇدا خالىغان ۋاقىتتا ئەلبەتتە سىلەرگە قوشۇلىمىز. ئاللاھ تائالادىن بىزگە ۋە سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن»[1] .

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## مۇسىبەتتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعونَ. اَللَّهُمَّ أْجُرْنِي فِي مُصِيْبَتِي وَ اخْلُفْ لِي خَيْراً مِنْهَا.

تەرجىمىسى: «بىز ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز. ئى ئاللاھ! بۇ مۇسىبىتىمدە ماڭا ئەجىر بەرگىن ۋە ماڭا قولىدىن بەرگىنىمىدىن ياخشىراقىنى

بەرگىن»[1].

## يەتتىنچى بۆلۈم: ھەج مەۋسۇمىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

ھەج مەۋسۇمى دۇئا ۋە باشقا ئىبادەتلەرنى كۆپلەپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە تىلەكلىرىنى سوراش پەيتىدۇر.

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

چۈنكى ئۇلۇغ ئاي ۋە ئۇلۇغ جايلار ئۇلارنىڭ دۇئا ۋە ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن چوڭ رول ئوينايدۇ. ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچى خالىغان دۇئالارنى قىلسا ۋە خالىغان تىلەكلىرىنى ئاللاھ تائالادىن تىلىسە بولىدۇ. يۇقىرىدا ئۆتكەن دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى ھەج مەۋسىمىدىمۇ قىلىشقا تامامەن بولىدۇ. بىز تۆۋەندە بايان

قىلماقچى بولغان دۇئالار ھەج ۋە ئۆمرە جەريانىدا قىلىنىدىغان مەخسۇس دۇئالارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

## ھەج ياكى ئۆمرىگە ئېھرام باغلىغاندا ئوقۇلىدىغان تەلبىيە

لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَشَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، إِنَّ الْحَمْدَ وَالنِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ، لاَ شَرِيْكَ لَكَ.

تەرجىمىسى: «مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ! مەن ھازىرمەن، مەن ھازىرمەن، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، بارلىق ھەمدۇ سانا، نېمەت ۋە پادىشاھلىق پەقەت ساڭا خاستۇر، سېنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوقتۇر»[1].

مەككە ۋە مەسجىدى ھەرەمنى

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللَّهُمَّ أَنْتَ السَّلاَمُ وَمِنْكَ السَّلاَمُ فَحَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلاَمِ، اللَّهُمَّ زِدْ هَذَا الْبَيْتَ تَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَتَكْرِيما وَمَهَابَةً وَزِدْ مَنْ حَجَّهُ أَوِ اعْتَمَرَهُ تَكْرِيمًا وَتَشْرِيفًا وَتَعْظِيمًا وَبِرًّا.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن تىنچلىق بەرگۈچىسەن، تىنچلىق-ئامانلىق زادى سەندىن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى تىنچلىق ئىچىدە ياشاتقىن. ئى ئاللاھ! بۇ

ئۇلۇغ ھەرەمنى تېخىمۇ ھۆرمەتلىك، تېخىمۇ ئۇلۇغ ۋە ھەيبەتلىك قىلغىن، بۇ جايدا ھەج ياكى ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ شەرىپىنى، ھۆرمىتىنى، ياخشىلىقىنى ۋە ساۋابلىرىنى زىيادە قىلغىن»[1].

## كەبىنى تاۋاپ قىلىشتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

(1) بەيھەقى رىۋايىتى.

رَبِّ قَنِّعْنِي بِمَا رَزَقْتَنِي وَبَارِكْ لِي فِيهِ وَاخْلُفْ عَلَيَّ كُلَّ غَائِبَةٍ لِي بِخَيْرٍ.

تەرجىمىسى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا بەرگەن رىزقىڭ ئۈچۈن ماڭا قانائەت بەرگىن، رىزقىمدا ماڭا بەرىكەت بەرگىن، قولۇمدىن كېتىپ، قايتا ئېرىششىم مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلار ۋە نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى ماڭا ياخشىلىق بىلەن تولدۇرۇپ

بەرگىن»[1].

رۇكنى يەمانى بىلەن ھەجەرۇلئەسۋەد ئارىلىقىدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

رَبَّنَآ آتِنَا فِي ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي ٱلآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ.

تەرجىمىسى: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا

---

(1) ئىبنى خوزەيمە رىۋايىتى.

قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[1].

سافا ـ مەرۋىدە توختىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سافا تېغىغا كەلگىنىدە، ئاللاھ تائالانىڭ: إِنَّ الصَّفَا وَالْمَرْوَةَ مِن شَعَآئِرِ اللّهِ يەنى

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 201ـ ئايەت.

«سەفا بىلەن مەرۋە ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ (دىنىنىڭ) ئالامەتلىرىدۇر» دېگەن ئايىتنى ئوقۇغان ۋە «ئاللاھ باشلىغان تەرەپتىن باشلايمەن» دەپ سافا تېغىغا ئۆرلىگەن، ئاندىن قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ تەكبىر ئېيتقان، ئاندىن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇغان ئىدى:

لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ

قَدِيْرٌ. لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ. أَنْجَزَ وَعْدَهُ. وَنَصَرَ عَبْدَهُ. وَهَزَمَ الأَحْزَابَ وَحْدَهُ

يەنى «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بەندىسى (مۇھەممەد

ئەلەيھسسالام)گە مەدەت بەردى، ئەتتىپاقداش دۈشمەنلەرنى ئۆزى يالغۇز مەغلۇب قىلدى.» بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان ۋە مەرۋىدىمۇ سافادا ئوقۇغانلىرنى ئوقۇغان ئىدى»[1].

## ئەرەفاتتا ئوقۇلىدىغان دۇئا

1. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ

---

(1) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ، وَهُوَ عَلىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ.

تەرجىمىسى: «بىر ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانالار ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەر نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر»[1].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

2. اللَّهُمَّ لَكَ الْحَمْدُ كَالَّذِي نَقُولُ وَخَيْرًا مِمَّا نَقُولُ، اللَّهُمَّ لَكَ صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي وَإِلَيْكَ مَآبِي وَلَكَ رَبِّ تُرَاثِي، اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَوَسْوَسَةِ الصَّدْرِ وَشَتَاتِ الْأَمْرِ اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَا تَجِيءُ بِهِ الرِّيحُ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئېيتقىنىمىز ۋە ئېيتقىنىمىزدىنمۇ ياخشىراق ھەمدۇ سانا ساڭا

خاستۇر، ئى ئاللاھ! مېنىڭ نامىزىم، ئىبادەتلىرىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم سېنىڭ ئۈچۈندۇر. قايتىشىم سېنىڭ تەرىپىڭگەدۇر، بالا- چاقىلىرىم ساڭا ئامانەتتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، كۆڭۈلنىڭ ۋەسۋەسىدىن ۋە ئىشلىرىمنىڭ چېچىلىپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ شامال ئېلىپ كېلىدىغان

نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

## شەيتانغا تاش ئېتىشتا ئوقۇلىدىغان تەكبىر

«ئۈچ شەيتاننىڭ ھەر بىرىگە تاش ئاتقاندا اَللّٰهُ اَكْبَرُ دەپ تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەيتانغا تاش ئېتىلىپ بولغاندىن

---

(1) بەيھەقىي رىۋايىتى.

كىيىن، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ تۇردۇ، ئەمما چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقاندا، ھەر بىر تاش بىلەن تەكبىر ئېيتىپ توختىماستىن قايتتدۇ»[1].

مال بوغۇزلىغاندا
ئېيتىلىدىغان تەكبىر

بِسْمِ اللّٰهِ وَاللّٰهُ أَكْبَرُ.

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى .

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن، ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر»[1].

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىكى دۇئالارنى قىلىش شەرتمۇ؟

دۇئا قىلغاندا، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەنلىكى ئىسپاتلانغان ئەڭ ئىشەنچلىك)

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ھەدىسلەردە كەلگەن دۇئالارنى قىلىش ئەڭ توغرا ۋە ئەۋزەلدۇر. لېكىن بۇ دېگەنلىك، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردە كەلمىگەن بولسىمۇ، ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىسلەردىكىسىگە خىلاپ كەلمەيدىغان دۇئالارنى قىلىش دۇرۇس ئەمەس دېگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى ساھابىلار،

تابىئىنلار، ئۆلىمالار ۋە باشقىمۇ ياخشى كىشىلەر قىلغان دۇئالارنى قىلىش، شۇنداقلا كىشى ئۆزىنىڭ خالىغان دۇئالارنى قىلىشى ئەلۋەتتە دۇرۇستۇر. رافىئە ئىبنى رافىئ ئەل زۇرەقىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇكۇدىن بېشىنى

كۆتۈرۈپ سَمِعَ اللَّهُ لِمَنْ حَمِدَهُ- ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەمدۇ سانا ئېيتقان كىشىگە قۇلاق سالىدۇ دېگىنىدە، ئارقىدا تۇرغانلاردىن بىرى رَبَّنَا وَلَكَ الْحَمْدُ، حَمْدًا كَثِيرًا طَيِّبًا مُبَارَكًا فِيهِ- ئى پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا كۆپلەپ ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىسىغا قاراپ: «سۆزلىگەن كىم؟» دېۋىدى، ھېلىقى ئادەم: «سۆزلىگەن مەن ئى

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى› دېدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:
‹كۆردۈمكى، بۇ سۆزنى ئۇتتۇز نەچچە پەرىشتە بىرى بىرىدىن ئاۋۋال يېزىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىرىشىۋاتىدۇ› دېدى»[1].
ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ

---

(1) ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ بەندىلىرىدىن بىراۋ دۇئا قىلىپ يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَلِعَظِيمِ سُلْطَانِكَ- ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئۇلۇغ زاتىڭغا ۋە كاتتا پادىشاھلىقىڭغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، دېۋىدى، بۇنى قانداق يېزىش ئىككى

پەرىشتىگە قىيىن كەلدى ۋە ئاسمانغا ئۆرلەپ: »ئى پەرۋەردىگارىمىز! پالانى بەندەڭ بىر سۆزنى ئېيتتى بىز ئۇنى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي قالدۇق« دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇ بەندىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ياخشى بىلسىمۇ، پەرىشتىلەردىن ‹بەندەم نېمە دېدى؟› دەپ سورىدى، پەرىشتىلەر: يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا

يَنْبَغِي لِجَلالِ وَجْهِكَ وَلِعَظِيمِ سُلْطَانِكَ
دېدى، دەپ جاۋاب بېرىشتى، بۇ ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دېدىكى: «بەندەمنىڭ دېگىنى بويىچە خاتىرىلەپ قويۇڭلار، ئۇ ماڭا ئۇچراشقان چاغدا، ئۇنىڭغا بۇ سۆزنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇبدان بېرىمەن» دېدى»[1].

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

بەزى ساھابىلەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىدىن: «نامازدا نېمە دەپ دۇئا قىلىسەن؟» دەپ سورىۋىدى، ئۇ: نامازنىڭ ئاخىرىدا تەشەھھۇدتا ئولتۇرىمەن ۋە اَللّٰهُمَّ إِنِّى أَسْأَلُكَ الْجَنَّةَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ النَّارِ- ئى ئاللاھ! سېنىڭدىن جەننەتنى سورايمەن، ساڭا سېغىنىپ دوزاختىن پاناھ

تىلەيمەن دەپ دۇئا قىلمەن، بىراق مەن سىزنىڭكىدەك ياكى مۇئازىنىڭكىدەك ئېسىل دۇئالارنى بىلمەيمەن، دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «بىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان دۇئالارنى قىلىمىز» دېدى»[1].

ئىمام سەنئانىي مۇنداق دېگەن:

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

«بۇ ھەدىستە كىشى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىكى دۇئالار بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا دۇئالار بولسۇن، خالىغان دۇئالارنى قىلسا بولىدىغانلىقىغا دەلىل باردۇر».

## سەككىزىنچى بۆلۈم: كۆزدىن ساقلىنىش ۋە ئۆزگىدىن شىپا تىپىش ئۇسۇلى

ئالدى بىلەن شۇنىڭغا چىن ئىشىنىش كېرەككى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شىپادۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:

يَا أَيُّهَا النَّاسُ قَدْ جَاءَتْكُم مَّوْعِظَةٌ مِّن

رَّبِّكُمْ وَشِفَاءٌ لِّمَا فِي الصُّدُورِ وَهُدًى وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان

(قۇرئان) كەلدى»[1].

وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ.

تەرجىمىسى: «بىز مۆمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى چۈشۈرىمىز»[2].

كۆز، سېھىر، ئاغرىق- سىلاق ۋە

---

(1) يۇنۇس سۈرىسى 57- ئايەت.

(2) ئىسرا سۈرىسى 82- ئايەت.

باشقا بالايىئاپەتلەردىن ساقلىنىش
ھەمدە ئۇلارغا گىرپتار بولغاندىن
كېيىن، شىپا تېپىش ئۈچۈن قۇرئان
كەرىم ئايەتلىرى ۋە ئاللاھقا
قىلىنغان سەممىي دۇئالار ئەڭ
ياخشى قالقان ۋە ئۈنۈملۈك
شىپادۇر. لېكىن، قۇرئان كەرىم
ئايەتلىرىنىڭ شىپاسىدىن بەھرىمەن
بولۇشنىڭ شەرتى بار. ئۇ بولسىمۇ،
قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن داۋا

قىلغۇچى ۋە داۋالانغۇچى ھەر
ئىككىسىنىڭ چىن مۇسۇلمان
بولۇشى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ
سۆزى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ
ئايەتلىرىنىڭ مۆمىنلەر ئۈچۈن
ماددىي ۋە مەنىۋى ھەر ئىككى
تەرەپتىن چوقۇم شىپالىق
ئىكەنلىكىگە خۇددى ئاسپىرىننىڭ
باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغانلىقىغا
ئىشەنگەندەك چىن ئىشىنىپ

يۈركى بىلەن تەسدىق قىلىدىغان بولۇشىدىن ئىبارەتتۇر. مەلۇمكى، دوختۇرنىڭ دورىسى مۇسۇلمان-كۇففار ھەركىمگە ئوخشاشلا شىپالىق بولىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ شىپاسى مۆمىنلەرگىلا خاستۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ شىپاسى ۋە ھىدايىتى پەقەت ئاللاھقا ۋە قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرگەنلەرگىلا

خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. «ئېيتقىنكى، قۇرئان ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە شىپادۇر»[1].

قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئىسلامىي دۇئالار بىلەن شىپالىق ئىزدەش سەۋەب قىلىشقا زىت كەلمەيدۇ. كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم

---

(1) فۇسسىلەت سۈرىسى 44- ئايەت.

ئاللاھقا ئىسلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا
دەرھال دوختۇرغا كۆرۈنۈشى ۋە
قولىدىن كېلىشىچە ماددىي
سەۋەبلەرنى ئورۇنلىشى لازىم.
چۈنكى ئاللاھ قانداقلا بىر ئاغرىقنى
ياراتقان بولسا، چوقۇم ئۇنىڭ
شىپاسىنىمۇ ياراتقان. ئاللاھ دۇنيا
ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى
سەۋەبلەرگە باغلىغان. شۇڭا
مۇسۇلمانلار ھەر ئىشتا سەۋەب

قىلىش بىلەن ئاللاھقا يۈزلىنىش ئىككىسىنى قولدىن بەرمەسلىككە بۇيرۇلغان. ئاللاھقا يۈزلىنىش بىلەن سەۋەب ئىككىسى بىر- بىردىن قەتئىي ئايرىلماسلىقى لازىم.

دۇئالارنىڭ ئىجابەت بولۇشى ئۆچۈنمۇ دۇئا قىلغۇچىنىڭ چىن مۇسۇلمان بولۇشى ۋە ئاللاھنىڭ شەرتلىرى تولۇق بولغان دۇئالارنى ئىجابەت قىلىپ، ھاجەتلەرنى راۋا

قىلىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىدىغان بولىشى شەرتتۇر.

شۇ ئىبنىقكى، كۆز تېگىشنىڭ راستلىقى ۋە يامان كۆزلەرنىڭ كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزەلەيدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. بۇ ئىنسانلار تۇرمۇشىدا كۆرۈلۈپ كەلگەن بىر ئىش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «كۆزنىڭ

تېگىدىغانلىقى راستتۇر، ئەگەر قەدەرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىر نەرسە بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم كۆز بولاتتى»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

كۆز توغرۇلۇق بۇ ماۋزۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، كۆز تېگىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىرى كۆز تەككەندىن كېيىن

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۈچۈن چارە قىلىشتىن ئىبارەت.

1. كۆز تېگىشتىن ساقلىنىشنىڭ چارىلىرى:

(1) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تولۇق ئورۇنلاش، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىش ۋە چوڭ-كىچىك بارلىق گۇناھلارغا تەۋبە قىلىش.

(2) قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن

كۆپرەك مەشغۇل بولۇش.
(3) شەرىئەتتە كۆندىلىك ئوقۇشقا بۇيرۇلغان دۇئالارنى ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش. مەزكۇر دۇئالارنىڭ مۇھىمرەكلىرى تۆۋەندىكىچە:
بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَيَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ شَيْءٌ فِي الْأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ. [ئۈچ قېتىم].
تەرجىمىسى: «ئۇنىڭ نامىنى

ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندە
ھېچقانـــداق نەرســـە زىيـــان
يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى
بىلەن باشلايمەن. ئاللاھ ھەممىنى
ئاڭلىغۇچى ۋە تولۇق بىلگۈچىدۇر»
دېگەن بـۇ دۇئـانى ۋە ئىخـلاس،
فەلەق، نـــاس ســـۈرىلىرىنىڭ ھەر
بىرىنى ئەتىگەن ھەم ئاخشاملىرى

ئۈچ قېتىمدىن ئوقۇش[1].

ھەر نامازدىن كېيىن ۋە يېتىشتىن بۇرۇن ئايەتۇلكۇرسىنى بىر قېتىمدىن ۋە لاَ إِلَـهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ نى كۆنگە

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

100قېتىمدىن ئوقۇش[1] .
(4) ئۆزىدىن ياكى پۇل- مېلىدىن ياكى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ بىرەرسىدىن خۇشالانغان ۋاقىتىدا، ئاللاھ تائالادىن بەرىكەت تىلەپ «مۇبارەك بولسۇن» دېيىش ۋە مۇنۇ

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

دۇئانى ئوقۇش:

مَاشَاءَ اللهُ لاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللهِ، اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَيْهِ.

تەرجىمىسى: «ھەممە ئاللاھنىڭ خاھىشى بىلەن بولغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىسا قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا

قىلغىن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىدە ياكى مال-دۇنياسىدا ياكى دىنىي بۇرادەرلىرىنىڭ بىرەرسىدە

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان.

خوشالللنارلىق بىر نەرسىنى كۆرسە، (مَاشَاءَ اللّٰهُ... نــى ئوقــۇپ) ئــۇنى مۇبارەكلــسۇن. چــۈنكى كۆزنــىڭ تېگىدىغانلىقى راستتۇر»[1].

(5) كــۆزدىن قورقــلىدىغانلىرىنى كــشىلەر كۆزنــدىن يوشۇرۇشــقا تىرىششش.

2- كــۆز تەككەنــدىن كېــيىن ئــۇنى

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

قايتۇرۇش چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى («ئامەنەررەسۇلۇ» دىن («كافىرىين» غىچە) نى، كۆز ۋە تىلدىن ساقلىنىشتا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالارنى ئۈچ قېتىمدىن ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ كۆز تەككەن كىشىگە، خۇسۇسەن ئۈنىڭ

ئاغرىغان يېرىگە سۈفلەپ ئوقۇ قول بىلەن سىپاش[1] .

كۆز تەككەن كىشى ئەگەر قۇرئان ساۋادى بار كىشى بولسا، يۇقىرىقىلارنى ئۆزى ئوقۇغىنى ياخشى.

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

(2) يۇقىرىقى ئايەت ۋە دۇئالارنى سۈرۈنگە ئوقۇپ كۆز تەككۈچىگە ئىچكۈزۈش ۋە ئاشقىنىنى ئۈنىڭغا چېچىش[1].

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سابىت ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر ساھابىنى شۇنداق داۋالىغانلىقىنى ئەبۇداۋۇد رىۋايەت قىلغان.

## توققۇزىنچى بۆلۈم: سېپھىردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭدىن شىپا تىپىش ئۇسۇلى

سېھىرنىڭ تەسىر قىلىدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنى تۈرلۈك دەرت-ئەلەملەرگە ۋە كېسەللىكلەرگە ئۇچرىتىدىغانلىقى، ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ سەۋەب بولالايدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. سېھىر شۇنداق بىر

يامان ئشكى، سېھىر قىلىش، ئۇنى
ئۆگىنىش، باشقىلارغا ئۆگىتىش ۋە
سېھىرگەرلىك ياردەم قىلىش ئەڭ ئېغىر
ۋە چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ.
سېھىرگەرلەر ۋە سېھىر
ئۆگەتكۈچىلەر شەكسىز كاپىرلاردۇر.
پۈتۈن تەپسىرشۇناس ئالىملار
قۇرئان كەرىمدىكى «سۇلايمان
كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار
كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر

بولـدى»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، سېھىر قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئۆگەتكۈچىلەرنىڭ چوقۇم كاپىر بولىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.

سېھىر توغرۇلۇق بۇ ماۋزۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى، سېھىر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىرى سېھىر

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 102- ئايەت.

قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن شىپا تېپىش ئۈچۈن چارە قىلىشتىن ئىبارەت.

1- سېھىردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلىش لازىم:

(1) ھەر خىل ئاپەتلەر، ئاغرىق-سىلاق ۋە خېيىمخەتەرلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان ئايەت ۋە دۇئالارنى، خۇسۇسەن، فاتىھە سۈرىسىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى،

ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆندىلىك تۇرمۇشىدىكى تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەر، ھاللار ۋە جايلاردا ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلغان دۇئالارنى، كۆزدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ۋە زىكرىلەرنى كۆپ ئوقۇشقا

ئادەتلىنىش[1].

(2) شەرىئەت تەكلىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداش بىلەن بىرگە، ئۆزىنى پاكىز تۇتۇش ۋە گۇناھ، ھارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش.

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئىبنى قەييىم جەۋزى «زاد المعاد» ناملىق ئەسىرىنىڭ 4- جىلد، 126- بېتىدە بايان قىلغان.

(3) قوُرئــان تىلاۋىتــى بــىلەن كۆپرەك مەشغۇل بولۇش.

2- ســېھىرگە مۇپتىلا بولغانــدىن كېيىن، ئۇنىڭدىن شىپا تېپىشنىڭ چارىلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ســېھىر قىلىنغــان ئــورۇن بىلىنسە، ئۇنى شەرىئەتكە خىلاپ كەلمەيــدىغان يــولالار ئــارقىلىق چىقىرىپ تاشلاش. بۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك

چارىدۇر[1].

(2) فاتىھە، ئىخلاس، فەلەق، ناس سۈرىلىرىنى، ئايەتۇلكۇرسىنى، بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى ئايىتى («ئامەنەررەسۇلۇ» دىن «كافىرىين» غىچە) نى ئوقۇ

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

قېتىمدىن ياكى ئۈنىڭدىن كۆپ ئوقۇپ بىمارغا سۈفلەپ يۇرۇش[1].

(3) بىمارنىڭ ئاغرىغان يېرىگە قولنى قويۇپ تۇرۇپ، مۇنۇ دۇئالارنى ئوقۇش:

1. اَللّٰهُمَّ رَبَّ النَّاسِ إِذْهِبْ الْبَاسَ اِشْفِهِ

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

وَأَنْتَ الشَّافِي لَا شِفَاءَ إِلَّا شِفَاؤُكَ شِفَاءً لَا يُغَادِرُ سَقَماً. [ئۈچ قېتىم].

تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! دەرتكە داۋا، رەنجىمىزگە شىپالىق بەرگىن، ھەقىقەتەن سەن ھەرقانداق ئاغرىقلارغا شىپالىق بەرگۈچىسەن. سېنىڭدىن بۆلەك شىپالىق بەرگۈچى يوق، سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن

كىسەللىك قالمايدۇ»[1].

2. أُعُوْذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ، مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وهَامَّةٍ، وِمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ. [ئۇچ قېتىم].

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىملىرىگە سىغىنىپ ھەرقانداق شەيتاندىن، خەتەرلىك مەخلۇقلاردىن ۋە ھەرقانداق يامان

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

كۆزدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

3. أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللَّهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. [ئۈچ قېتىم].

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سېغىنىپ، مەخلۇقاتىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن»[2].

---

(1) ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

4. اَسْأَلُ اللهَ الْعَظِيْمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ أَنْ يَشْفِيْكَ. [7قېتىم ئوقۇلىدۇ].

تەرجىمىسى: «بۈيۈك ئەرشنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھتىن سىزگە شىپالىق سورايمەن»[1].

5. بِسْمِ اللّٰهِ أَرْقِيكَ مِنْ كُلِّ دَاءٍ يُؤْذِيكَ مِن كُلِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ، وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ وَسَمٍّ، وَاللَّهُ يَشْفِيْكَ. [ئۈچ قېتىم].

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سىزنى ئازاپلىغۇاتقان ھەرقانداق ئاغرىق، ھەر قانداق ھەسەد، ھەر قانداق يامان كۆز ۋە ھەر قانداق زەھەرلىنىشتىن شىپالىق تىپىشىڭىز ئۈچۈن ئوقۇيمەن. ئاللاھ چوقۇم شىپالىق بەرگۈسى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئوقۇدۇم»[1] .

---

(1) ئىمامئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

**كىتاب ئىسمى ۋە ئاپتورى:**

1. «القرآن الكريم»
2. «كتب التفاسير»_ ابن كثير، قرطبي، طبري
3. «الصحاح الستة»_ رواة الستة
4. «الأذكار»_ الإمام يحي بن شرف النووي
5. «إحياء علوم الدين»_ الإمام

الغزالي

6. «حصن المسلم»_ سعيد ابن وهف القحطاني

7. «جوامع الدعاء»_ عبد الرحمن الجبرين

8. «أذكار اليوم والليلة»_ سيد توفيق

9. «أذكار مأثورة»_ عبد النافع الرفاعي

10. «دعاء المسلم»_ صديقة شرف الدين

## 11. «الدعاء والعلاج بالرقية سعيدبن وهف القحطاني»

# ئەتىگەن- ئاخشامدا ئوقۇلىدىغان زىكىر ۋە دۇئالار

## (كۆنلۈك ۋەزىپە)

شەھەد ھەسەن ئەل بەننا

أَعُوذُ بِاللهِ السَّمِيعِ العَلِيمِ مِنَ الشَّيطَانِ الرَّجِيمِ

تەرجىمىسى: «ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھقا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن».

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن

باشلايمەن».

1. ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ. ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. مَٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ. إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ. ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ. صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ.

تەرجىمىسى: «جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر.

قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر.
رەببىمىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە
سەندىنلا ياردەم سورايمىز. بىزنى
توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىبىڭگە
يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ
يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام
قىلغانلارنىڭ يولىغا باشلىغىن».
2. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. آلم.
ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِينَ.
الَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِالْغَيْبِ وَيُقِيمُونَ الصَّلاَةَ

وَمِمَّا رَزَقْنَاهُمْ يُنفِقُونَ. وَالَّذِينَ يُؤْمِنُونَ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنزِلَ مِن قَبْلِكَ وَبِالآخِرَةِ هُمْ يُوقِنُونَ. أُوْلَئِكَ عَلَى هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئەلىف، لام، مىم، بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. ئۇلار غەيبكە

ئشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال- مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا

بولغـۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر»[1].

3. اَللَّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 1- 5- ئايەتلەر.

حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ. لاَ إِكْرَاهَ فِي الدِّينِ قَد تَّبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الْغَيِّ فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ فَقَدِ اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَىَ لاَ انفِصَامَ لَهَا وَاللّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ. اللّهُ وَلِيُّ الَّذِينَ آمَنُواْ يُخْرِجُهُم مِّنَ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوُرِ وَالَّذِينَ كَفَرُواْ أَوْلِيَآؤُهُمُ الطَّاغُوتُ يُخْرِجُونَهُم مِّنَ النُّورِ إِلَى الظُّلُمَاتِ أُوْلَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ.

تەرجمسى: «بر ئاللاهتن باشقا

ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر؛ ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (دۇنيادىكى)،

كەينىدىكى (ئاخىرەت ئۆچۈن تەييارلىغا) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن ئاللاھ ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ مەلۇماتى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان- زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى

مەرتىبىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر، ھىدايەت گۇمراھلىقتىن ئېنىق ئايرىلدى، كىمكى تاغۇت (يەنى ئاللاھتىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ. ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ

تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئاللاھ مۆمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇلارنى (كۇفرىنىڭ) زۇلمەتىدىن (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىغا چىقىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ ئىگىسى شەيتاندۇر، ئۇلارنى (ئىماننىڭ) يورۇقلۇقىدىن (گۇمراھلىقنىڭ) قاراڭغۇلۇقلىرىغا چىقىرىدۇ. ئەنە

شۇلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر»[1].

4. لِّلَّهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَإِن تُبْدُواْ مَا فِي أَنفُسِكُمْ أَوْ تُخْفُوهُ يُحَاسِبْكُم بِهِ اللّهُ فَيَغْفِرُ لِمَن يَشَاءُ وَيُعَذِّبُ مَن يَشَاءُ وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ . آمَنَ الرَّسُولُ بِمَا أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 255- 257- ئايەتلەر.

وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللَّهِ وَمَلآئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ
وَرُسُلِهِ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ وَقَالُواْ
سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيْكَ
الْمَصِيرُ. لاَ يُكَلِّفُ اللَّهُ نَفْسًا إِلاَّ وُسْعَهَا
لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ رَبَّنَا لاَ
تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا رَبَّنَا وَلاَ
تَحْمِلْ عَلَيْنَا إِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ
مِن قَبْلِنَا رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَةَ لَنَا بِهِ
وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا أَنتَ مَوْلاَنَا
فَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ.

تەرجىمىسى: «ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى شەيئىلەر (ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىن بولسۇن، تەسەررۇپ قىلىش جەھەتتىن بولسۇن) ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. دىلىڭلاردىكى (يامانلىقنى) مەيلى ئاشكارا قىلىڭلار، مەيلى يوشۇرۇڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ. ئاللاھ خالىغان كىشىگە مەغپىرەت قىلىدۇ،

خالىغان كىشىگە ئازاب قىلىدۇ.
ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىردۇر.
پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن
ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا
ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان
كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ
پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە
پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى.
(ئۇلار) «ئاللاھنىڭ

پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى
ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ
بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە
ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ.
ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق
ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق،
پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى
تىلەيمىز، ئاخىر ياندىغان جايىمىز
سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ.
ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى

يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى (نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى مۇ) ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار): «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا

تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئۆلگىرىكىلەرگە يۆلىگىنىڭگە ئوخشاش، بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن،

كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ[1].

5. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. آلم. اللَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئەلىف،

---

(1) بەقەرە سۈرىسى 284- 286- ئايەتلەر.

لام، مەم. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر»[1].

**6.** وَعَنَتِ الْوُجُوهُ لِلْحَيِّ الْقَيُّومِ وَقَدْ خَابَ مَنْ حَمَلَ ظُلْمًا. وَمَن يَعْمَلْ مِنَ الصَّالِحَاتِ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلاَ يَخَافُ ظُلْمًا وَلاَ هَضْمًا.

---

(1) ئال ئىمران سۈرىسى 1- 2- ئايەتلەر.

تەرجىمىسى: «گۇناھكارلار مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى (مەڭگۈ) ھايات ئاللاھقا ئېگىلىدۇ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر شەكسىز زىيان تارتىدۇ. مۆمىن تۇرۇپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار يامانلىقلىرىنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىن ۋە ياخشىلىقلىرىنىڭ كېمىيىپ

كېتىشىدىن قورقمايدۇ»[1].

7. حَسْبِيَ اللّٰهُ لاَ إِلٰـهَ إِلاَّ هُـوَ عَلَيْـهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيْمِ. (يەتتە قېتىم ئوقۇلىدۇ) .

تەرجىمىسى: «ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل

---

(1) تاھا سۈرىسى 111- 112- ئايەتلەر.

قىلدىم (يەنى ئاللاھقا يۆلەندىم، ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئەھەدىدىن ئۈمىد كۈتمەيمەن ۋە ھېچ ئەھەدىدىنمۇ قورقمايمەن)، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[1].

**8.** قُلِ ادْعُواْ اللّهَ أَوِ ادْعُواْ الرَّحْمَنَ أَيًّا مَّا تَدْعُواْ فَلَهُ الأَسْمَاءُ الْحُسْنَى وَلاَ تَجْهَرْ

---

(1) تەۋبە سۈرىسى 129- ئايەت.

بِصَلَاتِكَ وَلَا تُخَافِتْ بِهَا وَابْتَغِ بَيْنَ ذَٰلِكَ سَبِيلًا. وَقُلِ الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي لَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُن لَّهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَلَمْ يَكُن لَّهُ وَلِيٌّ مِّنَ الذُّلِّ وَكَبِّرْهُ تَكْبِيرًا.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، رەھمان دەپ ئاتىساڭلارمۇ بولىدۇ، قايسىنى ئاتىساڭلار (ھەممىسى ياخشىدۇر). چۈنكى ئاللاھنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئىسىملىرى بار» دېگىن، نامىزىڭدا

(قرائەتنى بەك) يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇمىغىن، پەس ئاۋاز بىلەن ئوقۇمىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا يول تۇتقىن. ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا باللىسى بولۇشتىن پاك بولغان، سەلتەنىتىدە شېرىكى بولمىغان، خارلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستقا موھتاج بولمىغان (يەنى خار بولمىغان، ياردەمچىگە موھتاج

بولمىغان) ئاللاھقا خاستۇر! ئاللاھنى مۆكەممەل رەۋىشتە ئۇلۇغلىغىن»[1].

9. أَفَحَسِبْتُمْ أَنَّمَا خَلَقْنَاكُمْ عَبَثًا وَأَنَّكُمْ إِلَيْنَا لَا تُرْجَعُونَ. فَتَعَالَى اللَّهُ الْمَلِكُ الْحَقُّ لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ. وَمَن يَدْعُ مَعَ اللَّهِ إِلَهًا آخَرَ لَا بُرْهَانَ لَهُ بِهِ

---

(1) ئىسرا سۈرىسى 110- 111- ئايەتلەر.

فَإِنَّمَا حِسَابُهُ عِندَ رَبِّهِ إِنَّهُ لَا يُفْلِحُ الْكَافِرُونَ. وَقُل رَّبِّ اغْفِرْ وَارْحَمْ وَأَنتَ خَيْرُ الرَّاحِمِينَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ

دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ ھەق- پادىشاھ ئاللاھ ئۇستۇندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئاللاھ يوقتۇر، ئاللاھ ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.كىمكى ھېچقانداق دەلىلى بولمىغان ھالدا ئاللاھقا قوشۇپ يەنە بىر مەبۇدقا ئىبادەت قىلىدىكەن، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ھېساب بېرىدۇ، كاپىرلار ھەقىقەتەن نىجات

تاپمايدۇ ‹پەرۋەدىگارىم! مەغپىرەت قىلغىن، رەھىم قىلغىن، سەن رەھىم قىلغۇچىلارنىــــڭ ياخشىســــــەن› دېگىن»[1].

10. فَسُبْحَانَ اللَّهِ حِينَ تُمْسُونَ وَحِينَ تُصْبِحُونَ. وَلَهُ الْحَمْدُ فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَعَشِيًّا وَحِينَ تُظْهِرُونَ. يُخْرِجُ الْحَيَّ مِنَ الْمَيِّتِ وَيُخْرِجُ الْمَيِّتَ مِنَ الْحَيِّ

---

(1) نۇر سۈرىسى 115- 118- ئايەتلەر.

وَيُحْيِي الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا وَكَذَٰلِكَ
تُخْرَجُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ خَلَقَكُم مِّن تُرَابٍ
ثُمَّ إِذَا أَنتُم بَشَرٌ تَنتَشِرُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَنْ
خَلَقَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَاجًا لِّتَسْكُنُوا
إِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُم مَّوَدَّةً وَرَحْمَةً إِنَّ فِي
ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ
خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ
أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَآيَاتٍ
لِّلْعَالِمِينَ. وَمِنْ آيَاتِهِ مَنَامُكُم بِاللَّيْلِ
وَالنَّهَارِ وَابْتِغَاؤُكُم مِّن فَضْلِهِ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ

لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَسْمَعُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ يُرِيكُمُ
الْبَرْقَ خَوْفًا وَطَمَعًا وَيُنَزِّلُ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً
فَيُحْيِي بِهِ الْأَرْضَ بَعْدَ مَوْتِهَا إِنَّ فِي ذَٰلِكَ
لَآيَاتٍ لِّقَوْمٍ يَعْقِلُونَ. وَمِنْ آيَاتِهِ أَن تَقُومَ
السَّمَاءُ وَالْأَرْضُ بِأَمْرِهِ ثُمَّ إِذَا دَعَاكُمْ دَعْوَةً
مِّنَ الْأَرْضِ إِذَا أَنتُمْ تَخْرُجُونَ. وَلَهُ مَن فِي
السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ.

تەرجىمسى: «سىلەر ئاخشامدا ۋە
ئەتىگەندە ئاللاھقا تەسبىھ
ئېيتىڭلار. ئاسمانلاردىكى،

زىمىندىكى ھەمدۇ سانا، كەچ ۋە پېشىن ۋاقىتلىرىدىكى ھەمدۇ سانانىڭ ھەممىسى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ جانسىز نەرسىلەردىن جانلىق نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، جانلىق نەرسىلەردىن جانسىز نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدۇ (يەنى قۇرغاق زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن كۆكەرتىدۇ)، سىلەرمۇ مۇشۇنداق

تىرىلدۈرۈلـــسلەر، ئالللاھنــــىڭ
سـىلەرنى تـۇپراقتىن ياراتقانلىقى،
ئاندىن سىلەرنىڭ ئىنسان بولـۇپ
زېمىنــدا تارىلىپ يۈرۈشـۈڭلار
ئالللاھنــىڭ(كامـالى قـۇدرىتىنى
كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر.
ئايـالالار بىـلەن ئۈنـسى- ئۈلپەت
ئىلىـشىڭلار ئۈچـۈن (ئالللاھنـــىڭ)
ئۆلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تـىپىڭلاردىن
ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر-

خوتۇن ئارىسىدا) مېھر- مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، پىكىر يۈرگۈزىدىغان قەۋم ئۈچۈن، شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى، تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىلىرىڭلارنىڭ خىلمۇخىل بولۇشى

ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار. سىلەرنىڭ كېچىسى ۋە كۈندۈزى ئۇخلىشىڭلار، (كۈندۈزى) ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن (رىزىق) تەلەپ قىلىپ (ھەرىكەتلىنىشىڭلار) ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر،

شەك- شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا
ئاگاھلاندۇرۇلغان ئۇچۇرلار
ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە
چاقماقنى قورقۇنچ ۋە ئۈمىد قىلىپ
كۆرسىتىشى، بۇلۇتتىن يامغۇر
ياغدۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆلگەن
زېمىننى تىرىلدۈرۈشى ئاللاھنىڭ
(كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان)
ئالامەتلىرىدىندۇر،
چۈشىنەلەيدىغان قەۋم ئۈچۈن

بۇنىڭدا، شەك- شۈبھىسىزكى، نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئاللاھنىڭ ئاسمان- زېمىننى ئۆز ئەمرى بىلەن (مۇئەللەق) تۇرغۇزۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر، ئاندىن ئاللاھ (قەبرىلەردە كۆمۈلۈپ ياتقان) سىلەرنى يەر ئاستىدىن چاقىرسا، دەرھال چىقىسىلەر ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە ئاللاھنىڭدۇر

(يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتىدۇر ۋە ئاللاھنىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، ھەممە ئاللاھقا بويسۇنغۇچىدۇر»[1].

11. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. حمٓ. تَنْزِيلُ الْكِتَابِ مِنَ اللَّهِ الْعَزِيزِ الْعَلِيمِ. غَافِرِ الذَّنبِ وَقَابِلِ التَّوْبِ شَدِيْدِ الْعِقَابِ ذِي

---

(1) رۇم سۈرىسى 17- 26- ئايەتلەر.

الطَّوْلِ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ إِلَيْهِ الْمَصِيْرُ.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ھامىم. (بۇ) كىتاب (يەنى قۇرئان) غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر. (ئاللاھ) گۇناھنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، تەۋبىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر. (ئاللاھنىڭ) ئازابى قاتتىقتۇر، (ئاللاھ) ئىنئام

ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاقىۋەت قايتىدىغان جاي ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر»[1].

12. هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ . هُوَ اللَّهُ الَّذِي لَا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ. هُوَ

---

(1) غافىر سۈرىسى 1- 3- ئايەتلەر.

اللَّهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَاءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ.

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت

ئىگىسىدۇر. )ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر،(جىمى نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ

(ھەممىنى) ياراتقۇچى ۋە پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر»[1].

---

(1) ھەشر سۈرىسى 22- 24- ئايەتلەر.

13. بِسْمِ اللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ. إِذَا
زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا. وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ
أَثْقَالَهَا. وَقَالَ الْإِنسَانُ مَا لَهَا. يَوْمَئِذٍ
تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا. بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَىٰ لَهَا.
يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ.
فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُ وَمَن
يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُ.
تەرجىمىسى: «ناھايىتى
شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ
ئىسمى بىلەن باشلايمەن. زېمىن

قاتتىق تەۋرىتىلگەندە، زېمىن (قويىنىدىكى) يوشۇرۇن ئاغىرلىقلار (يەنى مەدەنلەر، ئولۇكلەر، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا، ئىنسان (يەنى كاپىر ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە بولدى؟» دېگەندە، بۇ كۈندە زېمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىشلەنگەن ياخشى-يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ. (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى)

پەرۋەردىگارىنىڭ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر. بۇ كۆنىدە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ- توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى

تارتدۇ»[1].

14. بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ. قُلْ يَا أَيُّهَا الْكَافِرُونَ. لَا أَعْبُدُ مَا تَعْبُدُونَ. وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ. وَلَا أَنَا عَابِدٌ مَا عَبَدْتُمْ. وَلَا أَنْتُمْ عَابِدُونَ مَا أَعْبُدُ. لَكُمْ دِينُكُمْ وَلِيَ دِينِ.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ

---

(1) زەلزەلە سۈرىسى.

ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئېيتقىنكى، ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق. سىلەرنىڭ دىنىڭلار

ئۈزەڭلار ئۇچۇن، مېنىڭ دىنىمۇ ئۆزەم ئۇچۇن»[1] .

15. بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ. إِذَا جَاءَ نَصْرُ اللَّهِ وَالْفَتْحُ. وَرَأَيْتَ النَّاسَ يَدْخُلُونَ فِي دِينِ اللَّهِ أَفْوَاجًا. فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا.

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ

---

(1) كافىرۇن سۈرىسى.

ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھنىڭ يارىدىمى ۋە غەلىبىسى كەلگەن ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا كىشىلەرنىڭ توپ-توپ بولۇپ كىرگەنلىكىنى كۆرگىنىڭدە رەببىڭگە تەسبىھ ئېيتقىن، ھەمدى ئېيتقىن ۋە ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلىگىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك

قوبۇل قىلغۇچىدۇر»[1].

16. بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ. قُلْ هُوَ اللَّهُ أَحَدٌ. اللَّهُ الصَّمَدُ. لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ. وَلَمْ يَكُنْ لَهُ كُفُوًا أَحَدٌ. (ئۆچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن. ئېيتقىنكى، ئۇ ـ ئاللاھ بىردۇر.

---

(1) نەسر سۈرىسى.

ھەممە ئاللاھقا مۇھتاجدۇر. ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس. ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ»[1].

**17.** بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ. مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ. وَمِنْ شَرِّ النَّفَّاثَاتِ فِي الْعُقَدِ. وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ.

---

(1) ئىخلاس سۈرىسى.

(ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ‹مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن›

دېگەن»[1].

18. بِسْمِ اللَّـهِ ٱلرَّحْمـٰنِ ٱلرَّحِيمِ. قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ. مَلِكِ النَّاسِ. إِلَٰهِ النَّاسِ. مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ. الَّذِي يُوَسْوِسُ فِي صُدُورِ النَّـاسِ. مِـنَ الْجِنَّـةِ وَالنَّـاسِ. (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ

---

(1) فەلەق سۈرىسى.

ئىسمى بىلەن باشلايمەن.
«ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى،
ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى،
ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا
سېغىنىپ، كىشلەرنىڭ دىللىرىدا
ۋەسۋەسە قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە
ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن
شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ

شەرىدىن پاناھ تىلەيمەن، دېگىن»[1].

19. أَصْبَحْنَا وَأَصْبَحَ الْمُلْكُ لِلّٰهِ (ئاخشاملىرى: «أَمْسَيْنَا وَأَمْسَى الْمُلْكُ لِلّٰهِ» دەپ ئوقۇلىدۇ) وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ، لاَشَرِيْكَ لَهُ لاَاِلَهَ اِلاَّ هُوَ، وَإِلَيْهِ النُّشُورُ (ئاخشاملىرى: «وَإِلَيْهِ الْمَصِيْرُ» دەپ ئوقۇلىدۇ).

---

(1) ناس سۈرىسى.

تەرجىمىسى: «پادىشاھلىقنىڭ ئالاھقا خاس ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغان ھالدا ئەتىگەنلىكىنى باشلىدۇق (ئاخشاملىققا كىردۇق). جىمى ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوق، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، بىزنىڭ تۈپلىنىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر (بىزنىڭ قايتىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ

دەرگاھدۇر)»[1].

20. أَصْبَحْنا (ئاخــــشاملىرى: «أَمْسَيْنَا» دەپ ئوقۇلىدۇ) عَلَى فِطْرَةِ الْإِسْلاَمِ، وَعَلَى كَلِمَةِ الْإِخْلاَصِ، وَعَلَى دِينِ نَبِينا مُحَمَّدٍ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَعَلَى مِلَّةِ أَبِيْنَا إِبْرَاهِيْمَ حَنِيْفاً مُسْلِماً وَمَا كَانَ مِنَ الْمُشْرِكِيْنَ.

تەرجىمــــــــسى: «ئــــــسلامىي

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

يارتىلىشقا، ئىخلاس كەلىمىسى
(كەلىمە تەييىبە)گە، مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ۋە
ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ
مىللىتىگە مۇستەھكەم بولغان،
توغرا دىنغا ئەگەشكەن ھالدا
ئەتىگەن تۇردۇق (كەچ قىلدۇق)،
ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام

مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى»[1].

21. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَصْبَحْتُ مِنْكَ فِي نِعْمَةٍ وَعَافِيَةٍ وَسِتْرٍ، فَأَتِمَّ عَلَيَّ نِعْمَتَكَ وَعَافِيَتَكَ وَسِتْرَكَ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ. (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! مەن سەن تەرەپتىن بېرىلگەن نېمەت، ئامانلىق ۋە مەغپىرەت ئىچىدە تاڭ

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

ئاتقۇزدۇم. ئى ئاللاھ! نېمىتىڭنى،
ئامانلىقىڭنى ۋە مەغپىرىتىڭنى دۇنيا
ۋە ئاخىرەتتە ماڭا تولۇقلاپ
بەرگىن»[1].

22 . اَللّٰهُمَّ مَا أَصْبَحَ بِي

(ئاخشاملىرى: «ماَ اَمْسَى بِي» دەپ

---

(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دەيدىغانلىقىنى نەسائى رىۋايەت قىلغان.

ئوقۇلىدۇ) مِنْ نِعْمَةٍ أو بأحَدٍ مِنْ خَلْقِكَ، فمنْكَ وَحْدَكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ، فَلَكَ الْحَمْدُ وَلَكَ الشُّكْرُ، ياَ رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَماَ يَنْبَغِي لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَعَظِيْمِ سُلْطاَنِكَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ماڭا ياكى بەندىلىرىڭدىن بىرەرسىگە ئەتىگەندە (ئاخشامدا) ئاتا قىلىنغان قانداقلا بىر نېمەت بولمىسۇن، ئۇ چوقۇم سېنىڭدىندۇر.

سىنىڭ ھېچ شېرىكىڭ يوق، ھەمدۇ سانا ۋە شۈكۈر پەقەت ساڭىلا خاستۇر. پەرۋەردىگارىم! سىنىڭ پادىشاھلىقىڭنىڭ كاتتىلىقى ۋە مەرتىبەڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[1].

23. يَا رَبِّ لَكَ الْحَمْدُ كَمَا يَنْبَغِي

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

لِجَلاَلِ وَجْهِكَ وَلِعَظِيمِ سُلْطَانِكَ. (ئۇچ قېتىم).

تەرجىمىسى: « ئى پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ئۇلۇغ زاتىڭغا ۋە كاتتا پادىشاھلىقىڭغا لايىق كېلىدىغان ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر»[1].

24. رَضِيْتُ بِاللهِ رَبّاً، وبِالْإِسْلاَمِ دِيْناً، وَ بِنَبَيِّناَ مُحَمَّدٍ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَبِيّاً

---

(1) ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

وَرَسُولاً. (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئىگەم ئاللاھ، دىنىم ئىسلام، پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدىم»[1].

25. سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ، وَرِضَا نَفْسِهِ، وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ. (ئۈچ قېتىم).

---

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ئۇ مەخلۇقاتلىرىنىڭ ھېسابىچە، ئەرشىنىڭ زىنىنەتلىرىچە، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يېزىشقا يېتەرلىك سىيالارغىچە ۋە ئۆزى مەمنۇن بولغىچە ھەمدۇ ساناغا لايىقتۇر»[1].

26. بِسْمِ اللهِ الَّذِي لاَ يَضُرُّ مَعَ اسْمِهِ

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

شَيْءٌ فِي اْلأَرْضِ وَلاَ فِي السَّمَاءِ وَهُوَ السَّمِيْعُ العَلِيْمُ. (ئۇچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «نامىنى ئاتىغان كىشىگە ئاسمان ۋە زېمىندە ھېچنەرسە زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ

تۇرغۇچىدۇر»[1].

27 .اَللَّهُمَّ إِنَّا نَعُوذُ بِكَ مِنْ أَنْ نُشْرِكَ بِكَ شَيْئاً نَعْلَمُهُ وَنَسْتَغْفِرُكَ لِمَا لاَ نَعْلَمُ. (ئۈچ قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ، بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمىز ۋە بىلمەستىن سادىر قىلىپ سالغان

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

گۇناھلىرىمغا مەغپىرەت سورايمىز»[1].

28. أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ. (ئاخشىمى ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كەلىمىلىرىگە سىغىنىپ مەخلۇقاتنىڭ

(1) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

شەرىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

29. اللَّهُمَّ إِنِّى أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَقَهْرِ الرِّجَالِ. (ئۇچ قېتىم ئوقۇيدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ غەم- ئەندىشىدىن، ئىچى

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

پۇشقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا
سېغىنىپ ئاجىزلىقتىن ۋە
ھورۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا
سېغىنىپ قورقۇنچاقلىقتىن ۋە
بېخىللىقتىن پاناھ تىلەيمەن، ساڭا
سېغىنىپ قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشتىن
ۋە ئەرلەرنىڭ مېنى مەغلۇپ
قىلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن»[1].

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

30. اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَدَنِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي سَمْعِي، اَللّٰهُمَّ عَافِنِي فِي بَصَرِي، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ.

(ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بەدىنىمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! كۆزۈمنى ساق قىلغىن. ئى ئاللاھ! قۇلىقىمنى ساق قىلغىن. ھەقىقەتەن

سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر. ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۇپۇرلۇقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر»[1].

31. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنَ الْكُفْرِ، وَالْفَقْرِ. اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَعُوْذُ بِكَ مِنْ عَذَابِ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

الْقَبْرِ، لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ساڭا سېغىنىپ كۆپۈرلۈقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، قەبر ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن. ھەقىقەتەن سەندىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر»[1].

---

(1) ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

32 . اَللَّهُمَّ أَنْتَ رَبِّي لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ، خَلَقْتَنِي وَأَنَا عَبْدُكَ وَأَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّ مَاصَنَعْتُ، أَبُوءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ، وَأَبُوءُ بِذَنْبِي، فَاغْفِرْ لِي، فَإِنَّهُ لاَيَغْفِرُ الذُّنُوبَ إِلاَّ أَنْتَ.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىمسەن، سەندىن باشقا مەبۇد يوق، سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭ، مەن

ئەھدەڭنى ۋە ۋەدەڭنى كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىمەن. ساڭا سېغىنىپ ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى تونۇيمەن ۋە گۇناھلىرىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ھەقىقەتەن گۇناھلارنى سەندىن بۆلەك مەغپىرەت قىلغۇچى

يوقتۇر»[1].

33. اَسْتَغْفِرُاللّٰهَ الْعَظِيْمَ الَّذِي لاَ اِلَهَ اِلاَّ هُوَالْحَيُّ الْقَيُّومُ وَاَتُوْبُ اِلَيْهِ. (ئۈچ قېتىم ئوقۇلىدۇ).

تەرجىمىسى: «ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھى مەبۇد بولمىغان، ھەمىشە تىرىك بولغۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھتىن

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

مەغپىرەت سوراپ ئۇنىڭغا تەۋبە قىلمەن»[1].

34. اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّدٍ، كَمَا صَلَّيْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ. اَللّٰهُمَّ بَارِكْ عَلَى مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِ مُحَمَّد، كَمَا بَارَكْتَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَعَلَى آلِ إِبْرَاهِيْمَ إِنَّكَ حَمِيْدٌ مَجِيْدٌ. (10قېتىم ئوقۇلىدۇ).

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا رەھمەت قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن. ئى ئاللاھ! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام-

نشانىسنى مەڭگۈ قىلغانىدەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ نام-نىشانىسنى مەڭگۈ قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق ۋە ئۇلۇغ مەرتىبىلىك زاتسەن»[1].

35. سُبْحَانَ اللَّهِ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ وَلاَ إِلَهَ إِلاَّ اللَّهُ وَاللَّهُ أَكْبَرُ. (يۈز قېتىم ئوقۇيدۇ)

---

(1) بۇخارى رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھ پاكتۇر، ھەمدۇ سانا ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھىي مەبۇد يوقتۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بۈيۈكتۇر»[1].

36. لاَ إِلَهَ إِلاَّ اللّهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ. لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ. (ئون قېتىم ئوقۇلىدۇ).

---

(1) مۇسلىم رىۋايىتى.

تەرجىمىسى: «ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوق، ئاللاھ يالغۇزدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، پادىشاھلىق ۋە ھەمدۇ سانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئۇ ھەممە نەرسىگە كۈچى يەتكۈچىدۇر»[1].

37. سُبْحَانَكَ اللَّهُمَّ وَبِحَمْدِكَ لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ. (ئۇچ

---

(1) ئەھمەد رىۋايىتى.

قېتىم).

تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! سەن پاكتۇرسەن، ھەمدۇ سانا ساڭا خاستۇر، سەندىن باشقا ھەقىقىي ئىلاھ يوقتۇر، ئى ئالاھ! سەندىن مەغپىرەت تىلەيمەن ۋە گۇناھلىرىمغا تەۋبە قىلىمەن»[1].

38. اَللّٰهُمَّ صَلِّ عَلَىٰ سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ

---

(1) ئەبۇداۋۇد رىۋايىتى.

عَبْدِكَ وَ نَبِيِّكَ وَرَسُولِكَ النَّبِيِّ الْأُمِّيِّ وَ
عَلىَ آلِهِ وَصَحْبِهِ وَسَلَّمْ تَسْلِيْماً عَدَدَ مَا
اَحَاطَ بِهِ عِلْمُكَ وَخَطَّ بِهِ قَلَمُكَ وَاَحْصَاهُ
كِتَابُكَ، وَارْضَ اَللّٰهُمَّ عَنْ سَادَاتِنَا اَبِي بَكْرٍ
وَعُمَرَ وَ عُثْمَانَ وَعَلِيٍّ وَعَنِ الصَّحَابَةِ
اَجْمَعِيْنَ وَعَنِ التَّابِعِيْنَ وَتَابِعِيْهِمْ بِاِحْسَانٍ
اِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ. سُبْحَانَ رَبِّكَ رَبِّ الْعِزَّةِ
عَمَّا يَصِفُونَ وَسَلَامٌ عَلَى الْمُرْسَلِيْنَ
وَالْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَ.

**تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ! بىزنىڭ**

سۈيۈملۈك يولباشچىمىز، سېنىڭ
ئۇلاھىي مەكتىبىڭدىن باشقا
مەكتەپ كۆرمىگەن ئەزىز بەندەڭ
ۋە بەرھەق پەيغەمبىرىڭ ھەزرىتى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ
ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭ
ساھابەلىرىگە سېنىڭ ئىلمىڭ ئۆز
ئىچىگە ئالغان، قەلىمىڭ يازغان ۋە
لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگەن
جىمى شەيئىلەرنىڭ سانىچىلىك

رەھمەت يوللىغىن، شەننى ئۇلۇغ قىلغىن ۋە نام- نىشانىسىنى مەڭگۈلۈك قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ھىدايەت يۇلتۇزلىرىمىز بولغان ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى ۋەجمى ساھابىلاردىن، ساھابىلار بىلەن ئۇچراشقان ئىككىنچى ئەۋلاد كىشىلىرىدىن، ھىدايەت ۋە ياخشى ئىشلاردا تاقىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن

مۆمىن، مۇسۇلمان
قېرىنداشلىرىمىزدىن رازى بولغىن.
قۇدرەت ئىگىسى بولغان
پەرۋەردىگارىم كۇففارلارنىڭ
سۇيىقەستلىرىدىن پاكتۇر.
پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن!
جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ
پەرۋەردىگارى ئاللاھقا

خاستۇر!»[1].

## كىچىك ۋەزىپە

ۋاقىت تارلىق قىلغان ياكى
ھورۇنلۇق باسقان چاغلاردا،
يۇقىرىقىلارنى تولۇق ئوقۇيالمىسا،
ئەئۇزۇ بىللاھ، فاتىھە،
ئايەتۇلكۇرسى، ئامەنەررەسۇلۇ،
ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس قاتارلىق

---

(1) تىرمىزى رىۋايىتى.

سۈرىلەرنى ئۇچ قېتىمدىن ئوقۇپ،
ئاندىن كېيىن قالغان زىكىرلەرنى
ئاخىرقى ئىستىغفار اَسْتَغْفِرُاللّٰهَ الْعَظِيْمَ
الَّذِي لاَ اِلَهَ اِلاَّ هُوَالْحَيُّ الْقَيُّومُ وَاَتُوْبُ
اِلَيْهِ غىچە ئوقۇپ بولۇپ،
ئىستىغفارنى سُبْحَانَكَ اَللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ
لاَ إِلَهَ إِلاَّ أَنْتَ أَسْتَغْفِرُكَ وَأَتُوبُ إِلَيْكَ
بىلەن تۈگىتىپ ۋەزىپىنى
ئاخىرلاشتۇرسىمۇ بولىدۇ.
ئەسكەرتىش: يۇقىرىقى كۆندىلىك

ۋەزىپىنى ناماز بامداتتىن كېيىن ۋە
ناماز شامدىن ئىلگىرى بىر
قېتىمدىن ئوقۇشنىڭ خاسىيىتى ۋە
ساۋابى ناھايىتى چوڭدۇر.
مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىر كۈنلۈك
مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن
سالامەت بولۇشى ئۈچۈن بۇ دۇئالار
يېتەرلىكتۇر.
جانابى ئاللاھ بۇ كۈنلۈك ۋەزىپىنى
ئەتىگەن- ئاخشاملىرى ئوقۇشنى

داۋاملاشتۇرغۇچى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خېيىمخەتەرلىرىدىن مەڭگۈ ئامان قىلغاي... ئامىين.

## خاتىمە[1]

ئى ھەمدۇ ساناغا تولمۇ ھەقلىق، مەدھىيەگە تامامەن لايىق ھەم

---

(1) بۇ خاتىمەنى يېزىشتا كاملجاننىڭ يازمىلىرىدىن پايدىلاندىم.

ساۋاۋەر بولغۇچى ئەگەم ئاللاھ!
ساڭا ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇلارنىڭ
ئارىسىدىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ
سانىچىلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ
ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن، سېنى چىن
قەلبىمدىن مەدھىيىلەيمەن ۋە
ھىدايەتىڭ مەشئىلى،
ئىنسانىيەتنىڭ ئېيتىخارلىق
ئۆلگىسى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز
ھەزرىتى مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالاملىرىمنى يوللايمەن.

ئى شەپقەتلىك ئىگەم ئاللاھ! مەن ئاسىي- گۇناھكار ۋە تولىمۇ ھېقىر بىر قۇلۇڭمەن، شۇتاپتا ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سېنىڭ چەكسىز مېھىر- شەپقىتىڭ، كەڭ مەغپىرىتىڭ ۋە ئۇلۇغ پەزلى- كەرەمڭگە سېغىنىپ ساڭا ئىلتىجا قىلىۋاتىمەن. ئى ئاللاھ! جىمى

گۇناھلىرىم ئۆچۈن سېنىڭدىن مەغپىرەت سورايمەن. ئى ئاللاھ! گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلغىن، يېتەرسىز تەرەپلىرىمنى ئىسلاھ قىلغىن، مېنى ياردىمىڭدىن ۋە رەھمىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغىن، مېنى يارامىلىق ئىنسان قىلغىن!

ئى ئاللاھ! بارلىق ئىشلىرىمنىڭ كاپالىتى بولغان دىنىمنى مېنىڭ ئۆچۈن تولۇقلاپ بەرگىن.

مەئىشتىم بولغان دۇنيالىقمنى مېنىڭ ئۆچۈن ياخشىلاپ بەرگىن. قايتىدىغان جايىم بولغان ئاخىرەتلىكىمنى مېنىڭ ئۆچۈن ياخشى قىلىپ بەرگىن. مېنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خورلۇقلىرىدىن ساقلىغىن.

ئى زەررىچىلىك ياخشىلىقنىمۇ مۇكاپاتسىز قالدۇرمايدىغان كەرەملىك ئاللاھ! ئىككى قوللاپ

بېشىم ئۈستىدە كۆتۈرۈپ ساڭا تۇتقان بۇ ئىخلاسىمنى قوبۇل قىلغىن! شۇ ئىخلاسىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇلۇغ دىنىڭغا خىزمەت قىلىش ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلىش يولىدا سىڭدۈرگەن بۇ ئەرزىمەس مېھنىتىمنى مۇكاپاتسىز قويمىغىن!

ئى ئىخلاس بىلەن مۇھەببەتكە تولۇق سازاۋەر ئاللاھ! ماڭا

ئىخلاسنى ۋە ئىزگۈ نىيەتنى زىيادە قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئەمەللىرىمدە سېنىڭ رازىلىقىڭ ۋە سېنىڭ مۇكاپاتىڭنىلا تىلەيمەن، بەندىلىرىڭنىڭ قوللىرىدىكىسىدىن قىلچە تامايىم يوق. چۈنكى ئۇلار قانچە قىلسىمۇ سەن بەرگەن ۋە بېرىدىغانلىرىڭنىڭ ھېچبىرىنى بېرەلمەيدۇ. بەندىلىرىڭنىڭ ماختىشى، قوللىشى ۋە ئىنئام

قىلىشى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئى ئاللاھ! مۇددىئايىمدىن بارچە تامايىم، ئارزۇ ئارمىنىم ۋە تىلىكىم پەقەت سېنىڭ قولۇڭدىكىگە قارىتىلغاندۇر. سېنىڭ قولۇڭدىكىسىلا ماڭا يېتەرلىكتۇر.

ئى قەلبلەرنى باشقۇرغۇچى ۋە خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچى ئاللاھ! قەلبىمگە رىياكارلىقنىڭ پاسكىنا تۇزانلىرىنى، تاماخورلۇقنىڭ

رەزىل ئىللەتلىرىنى ھەرگىز دارىتمىغىن! بۇ ئىككى ھالاكەتتىن مېنى قەتئىي يىراق قىلغىن. ئىلىمىنى زىيادە قىلغىن، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن، كەمچىلىكلىرىمنى كەچۈرگىن ۋە مېنى ئۆلگىلىك بەندىلىرىڭ قاتارىدىن قىلغىن!

ئى ئاللاھ! سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىزدەپ، مۇسۇلمان خەلقىمگە

خىزمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا بۇ مۇقەددەس دىنىڭنى يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، يېتەرسىز ئىلمىم ۋە يېتىلمىگەن قابىلىيىتىمگە تەن بەرمەي قىلغان بۇ ئاددى ئەشمىنى دەرگاھىڭدا قوبۇل قىلغىن ۋە ئۇنى مۇسۇلمان خەلقىم ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بەرگىن.
ئى غېرىپلارنىڭ قولدىشى ئاللاھ! پەرزەنت ئۆتىدا باغرى كاۋاپ

بولغان، ئوغلىنى ئۇزاتقان ۋاقتىدا،
بۇراندەك ياش تۆككەن كۆزلىرىنى
سۈرتۈۋاتقان، تىترىگەك قوللىرىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ «خوش ئوغلۇم،
يېراقلارغا بارغىن، ئىلىم- مەرىپەت
ئالغىن ۋە يارامىلىق ئادەم بولغىن»
دەپ پۈلەڭلىتىشقا ئۆلگۈرگەن ئاشۇ
جاپاكەش، پىداكار، دۇئاگۈي،
سەبىرچان ئاتامنى ئارمانلىرىغا
يەتكۈزگەن، يۈرىكىنى ئوغۇللىرىنىڭ

ئۆتىدا داغلىمىغىن، دىدار نەسىپ
ئەتكىن، ئۇنى پەرزەنتلىرىگە
قاندۇرغىن، تېنىنى ساق قىلغىن،
ئۆمرىگە بەرىكەت بەرگىن، دۇنيا ۋە
ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشىلاپ
بەرگىن، پەرزەنتلىرىنى ئۇقۇتۇپ
يېتىلدۈرگەنلىكىنىڭ مۇكاپاتىنى
كاتتا قىلىپ بەرگىن! ئى ئاللاھ!
مەرھۇمە ئانامنىڭ ئاخىرەتلىك
دەرىجىلىرىنى يۇقىرى قىلغىن،

گۇناھلىرنى مەغپىرەت قىلغىن، پەرزەنتلىرى ئۇچۇن قىلىپ كەتكەن ئۇلۇغۋار مېھنەتلىرىنىڭ مۇكاپاتىنى ھەسسىلەپ بەرگىن! ئى ئاللاھ! قېرىنداشلىرىمنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلمىغىن، ئۇلارغا ئىمان، ئىنساپنى زىيادە قىلغىن!

ئى ئاللاھ! پەرزەنتلىرىنىڭ ئوتتىدا كۆيۈۋاتقان جىمى ئاتا- ئانىلارغا يار- يۆلەك بولغىن، ئۇلارنى

پەرزەنتلىرىگە قاندۇرغىن، ئۇلارغا
ئۆز پەزلىڭدىن تەسكىن ئاتا
قىلغىن!
ئى بىچارىلەرنىڭ يېگانە
يۆلەنچۈكى ۋە تايىنىدىغان
بىردىنبىر باشپاناھى ئاللاھ!
غۇربەت كوچىلىرىدا تېڭىرقاپ
يۈرگەن، يۈرەكلىرى دەرت-
ئەلەملەر بىلەن تولغان، چىرايلىرى
ساماندەك سارغايغان، بىر قېتىممۇ

پۈخادىن چىققۇدەك كۆلەلمىگەن،
ئۆلىم تەھسىل قىلىش يولىدا
يۈرتلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ
ماكانسىزلارغا ئايلىنىپ قالغان ۋە
ئۆمرىنىڭ ئالتۇنىدەك چاغلىرى
سەرسانلىقتا بىھۇدە نابۇت بولۇشقا
يۈز تۇتۇۋاتقان ياشلىرىمىزغا پاناھ
بەرگىن، ئۇلارنى نائۈمىد قىلمىغىن،
ئۇلارغا ۋىسال باھارى نەسىپ
ئەتكىن ۋە ئۇلارنى خەلقىمىزنىڭ

مەرپەت بۇلقى قىلىپ بەرگىن.

ئى مۇساپىرلارنىڭ قولدىشى ئاللاھ! مۇساپىرلىقتا، سەرسانلىقتا مۆكچەيگەن بەللىرىمىزنى رۇسلىغۇلىشىمىزغا مەدەت بەرگىن، سارغايغان چىرايلىرىمىزنى ئۇلۇغ پەزلىڭ بىلەن كۆلدۈرگىن، چۆشكۈن روھىيىتىمىزنى رەھمىتىڭ بىلەن كۆتەرگىن، بىزنى بارچە غەم-قايغۇلىرىمىزدىن خالاس قىلغىن،

ئوقۇغانلىرىمىزدىن مېۋە بېرىش پۇرستىنى بىزگە ئاتا قىلغىن.
ئى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى مۇشتاقلىقتىن تولا يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئاتىسىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن شەپقەتلىك ئاللاھ! ھىجران كۈچلىرىدا سۆيگەنلىرى ئۈچۈن تەلپۈنۈپ ئالدىراپ سوقۇۋاتقان يۈرەكلىرىنى سۆيگەنلىرىگە يەتكۈزگىن.

ئى ئاللاھ! غۇربەت كوچىلىرىدا
يورۇق دۇنياغا ئىختىيارسىز كۆز
ئېچىۋاتقان كىرسىز پاك
قۇندۇزلىرىمىزغا ئاتىلىرىنىڭ
كۆڭلىرىنى كۆرسەتمىگىن،
يۇرتسىزلىق بىلەن غۇربەتچىلىكنىڭ
دەرتلىرىنى ئۇلارغا ھەرگىز
چەكتۈرمىگىن ۋە ئۇلارنىڭ
كېلىچىكىنى ئاتىلىرىنىڭكىدىن
پارلاق قىلغىن!

ئـى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى

نەمرۇدنىڭ ئـوت دوۋىـسىدە

كۆرىدۇرمەستىن ساقلاپ قالغان

ئاللاھ! سىنىڭ ئۇلۇغ دىنىڭنى

خـۇددى چـوغنى تۇتـقاندەك

تەسلىكتە تۇتـۇپ تۇرغانلارنى

مۇسـۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا

مەدەت بەرگىن!

ئـى مۇسـا ئەلەيھىسسالامنى

پىرئەۋننىڭ سارىيىدا ئىمان بىلەن

تەربيىلەپ يېتىشتۈرگەن قۇدرەتلىك ئاللاھ! زامانىمىز پىرئەۋنلىرىنىڭ خۇداسىزلىق تەربىيىسىگە زورلىنىشۋاتقان ئاپپاق قۇندۇزدەك پاك سەبىيلەرنىڭ خۇددى ئاپپاق قەغەزدەك كىرسىز پاك قەلبلىرىگە ئىمان نۇرىنى بەخش ئەتكىن!

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئەرشىڭنى تىترىتىۋاتقان ئاھۇ زارلىرىمىزنى تىڭشىغىن! چىكى يوق ئەلەملەردە

قىتىپ كەتكەن گۇناھكار بىشىمىزنى
ئەپۇ رەھمىتىڭ بىلەن سىلىغىن!
قاچانلاردىن ساڭا قاقشاپ، تولا
يىغلاپ، قۇرۇپ كەتكەن
كۆزلىرىمىزنى ئەمدى بىر شاتلىق
ياشلىرىدا نەملىگىن!
ئى خەستە جىسمغا سۆرەت،
سۆرەتكە بايان، بايانغا مۇقەددەس
تەپەككۇر پەرۋازى بەخش ئەتكۈچى
ئاللاھ! بىزگە رەھىم قىلغىن!

ئەجدادلىرىمىزدىن، شۇنداقلا يەنە بىزدىن ئۆتەلگەن ھەم ئۆتىلىۋاتقان ئىختىيارىي، ئىختىيارسىز، چوڭ- كىچىك بارلىق گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە بىزگە ھىدايەت، ئىلىم- ھېكمەت بەرگىن! چۈنكى سەن ئەڭ شەپقەتلىك مەغپىرەت قىلغۇچى، ئەڭ كۆپ ئەپۇ قىلغۇچى ۋە ئەڭ كەرەملىك بەرگۈچى بىردىنبىر

پەرۋەردىگارىمىزسەن.

ئى كېچە جىسمىنىڭ قاقشال ئېتىزلىرىغا تاڭ ئۈمىدىنىڭ رەڭمۇ رەڭ مايسىلىرىنى كۆكلەتكۈچى مېھرىبان ئاللاھ! قىسمىتىمىزدىن كۆكلەۋاتقان پايانسىز كېچە سۈكۈناتلىرىنى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى بىلەن يورىتىۋەتكىن! بۇ زۇلمەتلىك دەۋرىمىزدە يېڭى ئۇقۇم مەشئەللىرىگە ئايلىنىپ، بىزدىكى

تىگىرقاش، ۋەھىمىلەرنىڭ
شەپقەتسىز، سوغۇق شۇبھىلىرىنى
يىراقلارغا سۈرۈپ تاشلىيالايدىغان
يالقۇنلۇق جاسارەت قوياشى ئاتا
قىلغىن! بىزنىڭ قوپقۇرۇق
ئېتەكلىرىمىزنى مۇراد
شەبنەملىرىنىڭ ھاياتلىق
ئۈنچىلىرىگە تولدۇرغىن.
ئى روھقا بەدەن، بەدەنگە قانلار
راۋانى ئاتا قىلىپ، راۋانلىقتا

يـۈرەكلەرنى ھەربكەتلەنـدۈرگۈچى شـەپقەتلىك ئـاللاھ! سـەن بىزنـىڭ بىردىنبىر مەدەتكارىمىز ۋە ھەقىقي تەنها تاياىچىمىزسەن. بىزنى بەخت قوياشىغا يولداش قىلغىن! ئـازاپتىن ئوخچىغان قان ئىبقىنلىرىدا ھاياتلىق تـۈگمەنلىرىنى ماڭـدۇرۇپ، قـايغۇ ھەسـرەت بىلەنـلا مۇڭـدىشـىپ ياشـاۋاتقان قەھرىمـانـلىرىمىزنىڭ ئەللەي ناخشىلىرىنى

ئاچلىق ۋە مۇھتاجلىقنىڭ ئىپلاس
مۇڭلىرىدىن ئازات قىلغىن!
قىممەتچىلىك چاقناپ تۇرغان
ئەينەك جازىلاردىكى قورچاقلارغا
تەلمۈرۈپ، تىرناق تاتىلاۋاتقان
بىچارە باللىرىمىزنىڭ ئوماق
چىرايىنى مەيۈسلىك تۇزانلىرىدا
خىرەلىشىشتىن ساقلىغىن! ئاشۇ
بىگۇناھ، يوقسۇل ئەۋلادلىرىمىزنىڭ
ئارزۇ ئارمانلىرىنى باھار رەڭگىدە

بىزەپ، دادىلارنىڭ قاتمال كۆكرەكلىرىگە چىڭ يىپىشقىنىچە شۇم، كۆيىنەكنىڭ ۋەيرانە يانچۇقلىرىدىن كۆتىشۋاتقان ئۈمىد تەڭگىلىرىنى مەڭگۈ چاقناشتىن توختاتمىغىن!

ئى قەلبلەرگە قايناق ھېسلارنى، ھېسلارغا ئاجايىپ خۇشپۇراق ھىدلارنى ئاتا قىلغۇچى ھېكمەتلىك ئاللاھ! جىسمىمىزنى چىرماپ، ھەر

نەپەستە شەكىل ئۈستىگە شەكىل
ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان
نەپرەتلەردىن بىزنى يىراق قىلغىن!
تەبىرسىز چۈشلەرنىڭ ئالۋۇنلۇق
يالقۇنلىرىدا قىز- ئاياللىرىمىزنى
كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتىشتىن
ساقلاپ قالغىن! تارازا تۇتقان
قوللارنى ۋە تارازىدا تارتىلىۋاتقان
بەدەنلەرنى ھالال رىزىققا
مۇيەسسەر قىلغىن! ئۆزىنىڭ بىمۇراد

ئارمانلىرىنى يېرىم جان جىسمىغا دەپنە قىلىپ، ئىشرەتخور ئەمەلدارلارنىڭ ئويۇن- كۈلكىسىنى قىزىتىش ئۈچۈن يېقۇلغۇ بولۇۋاتقان مەجبۇرلىنىۋاتقان جاپاكەشلىرىمىزنىڭ ھوسۇلسىز تەرلىرىنى چىن ئىھتىرامغا ئىگە قىلغىن! ئۇلارنى چېكى يوق تارىخنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان پىلسىرات كۆۋرىكىدىن يالاڭ

ئاياق ئۆتتۈشتەك ئازاپتىن ساقلاپ قالغىن! رەزگە تاماخورلۇققا بېرىلىپ، بۇلغانغان غورۇرىمىزنى ئىمان ۋە ئەخلاقنىڭ مۇقەددەس ھەۋزى كەۋسەرلىرىدە غۇسلى قىلدۇرغىن!

ئى ھەرپتەك مۇقەددەس نېمەتتىن ئۇلۇغۋار ئىجادىيەت ئابىدىلىرىنى تىكلىگۈچى كۆيۈمچان ئاللاھ! سەن بىزنىڭ تەنها پەرۋەردىگارىمىزسەن،

ئاھۇ زارلىمىزنى ھەممىدىن ئۆلگىرى تىڭشىغۇچى، بىزگە قان تومۇرلىرىمىزدىنمۇ بەكرەك يېقىن تۇرغۇچى رەھىم شەپقەتلىك ئاللاھىمىزسەن، ئاشۇ ھەرپلەرنىڭ خۇشپۇراق جەۋھەرلىرى بىلەن ھاياتلىق گۈللىرىدىكى نەۋقىران غۇنچىلىرىمىزغا ھۆسىن قوشۇۋاتقان ئۇستازلىرىمىزنى مەنىسىز ھايات كەچۈرۈش بەختسىزلىكىدىن يىراق

قىلغىن! ئۇلارنى خار- زەبۇنلۇق خارابىلىرىدە ئىز- دېرەكسىز يوقۇلۇشتىن ساقلىغىن! جاھالەتكە پۈركەنگەن گۇمبەز مۇنارلىرىمىزدا ئىلىم- مەرىپەتنىڭ مۇقەددەس ئەزانلىرىنى ياڭراتقىن!

ئى زامان ۋە ماكانلار ئارىسىدا مۇساپىلەرنى ئورناتقۇچى، بىسلىغان قەدەمىلەرگە جۇشقۇنلۇق، مۇساپىلەرگە مۇشتاقلىق ئاتا

قىلغۇچى قەدىردان ئاللاھ! بىزنى
سەپەرسىز ھەم مەنزىلسىز
مۇساپىلەرنىڭ ئازاپلىرىدىن
ساقلىغىن! ئەگرى يوللاردا راۋان
ھارغىن قەدەملىرىمىزنى خىجالەت
توزانلىرىدىن پاكلىنىشقا تەۋپىق
قىلغىن! ئازغۇنلۇقتا مۆكچەيگەن
ئەما سەۋرچانلىقىمىزنى يول
ئۈستىدە دەلدۈكۈشتىن ساقلاپ،
قەددىنى ھەم يوللىرىنى

رۇسلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن!
ئى مۇھەببەتنىڭ سەرچەشمىسى،
مىسكىن كۆزلەرنى شىرىن چۈشلەر
بىلەن چاقناتقۇچى سۆيۈملۈك
ئاللاھ! بۇرۇقتۇم كۆلبىمىزگە
ئەرشىڭنىڭ مۇھەببەتلىك مەيىن
شامالىرىنى باشلايدىغان
ئۆڭگۈرلەرنى ئاچقىن! نەپرەتنىڭ
قىڭغىر بارماقلىرىدا ئىلانگۇچ
ئۇچۋاتقان مۇئەللەق

قەدەملىرىمىزنى ئىمان ۋە
ئەخلاسنىڭ مۇقەددەس تۇپراقلىرىدا
مەھكەم دەسسەپ تۇرۇشقا
مۇيەسسەر قىلغىن! ئانا رەھمەدە
پاك، مىننەتسىز قانلارنى شۇمۇرگەن
قىز، ئوغۇللىمىزنىڭ قەلبلىرىنى چىن
ئىمان ۋە مۇھەببەتنىڭ قايناق
بۇلاقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ بەرگىن!
ئى قوپال- قاتمال تىللارغا
پىلدەك يۇمران بايان ئاتا قىلغۇچى

ئاللاھ! بايانىڭ مۆنبەت ئېتىزلىرىغا
يېڭى ئۇقۇم مايسىلىرىنى
كۆكلەتكىن! باھاردەك نەۋقىران
ئۆمرىنىڭ ئاق ۋاراقلىرىغا پارلاق
ئىستىقبالنى پۈتتۈاتقان
ياشلىرىمىزنىڭ غۇبارسىز، پاك
جىسمىنى نائۈمىدلىك داغلىرىدا كىر
بولۇشتىن ساقلىغىن!
ئى بارلىق نىدالارنى تىڭشىغۇچى
ئاللاھ! بىزنىڭ ساداسىز

نىدالىرىمىزنى ئاڭلىغىن! ئۈمىد چاقىقاقلىقىدا يېرىلغان لەۋلەرگە ۋىسال شارابى، تېرىك كۆمۈلگەن جاسارەت ھەم شىجائەتلەرگە ساما پەرۋازى ئاتا قىلغىن! ھېس تۇيغۇلىرىمىزدىكى پىنھان ئارمانلارنىڭ تىلسىملىرىنى يېشىپ، مەيۈسلىكنىڭ نامرات يوللىرىغا يېڭى بەخت فۇنتانلىرىنى ئورناتقىن!

ئى بىر لەھزىدە بەخت ياراتقۇچى

ئاللاھ! كەلگۈسى لەھزىلەرنى

ئۈزنغان لەھزىلەردىن پارلاق

قىلغىن!

ئى دەرتمەنلەرنىڭ غەمگۈزارى،

ئاجىزلارنىڭ باشپاناھى ئاللاھ!

سەنلا بىزنىڭ ھەقىقىي

پەرۋىشچىمىزسەن، قايغۇ ھەسرەت

زۇلمەتلىرىدە سەنلا بىزنىڭ نۇرلۇق

قوياشىمىزسەن، زۇلۇم، تەھدىت،

ۋەھىملەردە سەنلا بىزنىڭ سەبىر، تاقەت، قەلب تەسكىنىمىزسەن، دۇنيادا سەندىن باشقا ھېچ قانداق يۆلەنچۈكىمىز يوق.

ئى بىچارىلەرنىڭ نالە-پەريادلىرىنى ئاڭلىغۇچى، ئۆلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغۇچى، بەندىلىرىگە ئۆلارنىڭ جان تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن تۇرغۇچى، مېھرى- شەپقەتلىك،

قەدىردان ئاللاھ! دۇنيانىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىكى
خورلىنىۋاتقان مۇسۇلمان
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردىگە
دەرمان، رەنجىگە شىپا بولغىن.
زالىملارنىڭ ئۇلارنى خورلىشىغا،
كەمسىتىشىگە ۋە بوزەك قىلىشىغا
يول بەرمىگىن.
ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا
نۇسرەت بەرگەن ۋە ئۇنىڭ شەنىنى

يۈكسەلتكەن ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى بولغان ئىسلام مىللىتىگە نۇسرەت بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ شەنىنى ئۈستۈن قىلغىن!

ئى مۆمىنلەرنىڭ مەدەتكارى ئاللاھ! دىنىمىزغا نۇسرەت بەرگىن، مۇسۇلمانلارنى قايتا ئەزىزلىققا ئېرىشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ يۈتۈرۈپ قويغان سەلتەنەتىنى بىلەن پارلاق

ئالتۇن دەۋرنى قايتۇرۇپ بەرگىن!
ئامىين! ئامىين! ئى سوزۇلغان قوللارنى قۇرۇق قايتۇرمايدىغان كەرەملىك ئىلاھىم ئامىين !
ئى ئاللاھ! دۇئايىمنى ساڭا ھەمدۇ سانا ئېيتىش، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد، دۇئا ۋە سالام يوللاش، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە

تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابەلىرىگە ۋە ئۈنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، كېلىۋاتقان ھەمدە تا قىيامەتكىچە شۇنداق داۋاملاشتۇرىدىغان مۆمىن، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەڭگۈلۈك ئامانلىق ۋە يۇقىرى مەرتىۋە تىلەش بىلەن تۈگەتتىمەن.